ئومۇمىي 33-سان

ماي 2022

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*


ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

1



شىۋىتسىيە بىلەن فىنلاندىيە

57



ئۆز مەپتۇنلۇق خاراكتېرى

33

2022 ماي
ئومۇمىي 33-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6009800461091

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئۆيغىنىش

ئۆز مەپتۇنلۇق خاراكتېرى

كىشىلىك مۇۋەپپىقىيەت رېتسىپلىرى 52

پەرزەنت تەربىيىسىدە بىلىشكە تېگىشلىك سەككىز ئامىل 79

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

## خەلقئارا ۋەزىيەت

شىۋىتسىيە بىلەن فىنلاندىيە نېمە ئويلاۋاتىدۇ؟

خىتاي بىلەن ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رىقابىتى 39

## كۈلىستان


يەتتە تۈرلۈك باشقۇرۇش ماھارىتى

تىلەمچى 45

**مۇقاۋىدىكى رەسىملەرنى بىرنارە سىزغان**















## تارىخ ۋە بىز

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف 29

قۇبرات كۆكتۈغخان 73

## ھېكمەتلەر

نېلسون ماندېلانىڭ نادىر سۆزلىرىدىن تاللانمىلار 89

## ساغلاملىق

مېڭە ئۇچەي مۇناسىۋىتى 62

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

سوۋېتنىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرىنى قوللاش ھەققىدىكى تېلگراممىسى 67

خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قىسقىچە بىئوگرافىيىسى 96

خىتاي تەتقىقاتى



# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

THE WAR

ON THE

GHURS

## شان روبېرتس



Internal Campaign

a Muslim Minority

# ئاخىرقى زەربە: 2017

### (بېشى ئالدىنقىساندا)

2017 ـ يىلى، خىتاينىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىكى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرى جۇغلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن بىردەك ۋە سىستېمىلىق پائالىيەت باشلاندى. ھەر قانداق بىرەر ۋەقەنى مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولغان دېيىش توغرا بولمايدۇ، مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىنىپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن رەۋىشتە قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغۇچى ئالامەتلەر مەۋجۇت ئىدى. گەرچە 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋە 2017 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قاراقاش ۋە گۇمادا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق ۋەقەلىرى 2014 ـ ۋە 2015 ـ يىللىرىدىكى نۇرغۇن ۋەقەلەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا يېنىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار چېن چۈەنگو ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئىستراتېگىيەسىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ مەزكۇر ئىستراتېگىيەنى ئىجرا قىلىشتىكى رولىغا قايتىدىن قاراپ چىقىشنى ئەڭ ياخشى باھانە بىلەن تەمىنلىدى.

2017 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، قاراقاش ھۆكۈمەت بىناسىدا يۈز بەرگەن ماشىنىسى پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىنكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ھادىسىلەردىن بىرى شۇكى، چېن چۈەنگو خوتەن رايونىدىكى ساقچىلارنىڭ ۋە پارتىيە كادىرلىرىنىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» خىزمىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ـ دە، نەتىجىدە 96 يېزا كادىرى ـــ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ ـــ مەزكۇر رايوندىكى دىنىي ھەرىكەتلەرنى يېتەرلىك دەرىجىدە نازارەت قىلمىغانلىقى، ئائىلە ئۈچۈرلىرىنى تولۇق توپلىيالمىغانلىقى، مەسچىتكە كىرگەنلەرنى تۈزۈك نازارەت قىلمىغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مۇراسىملىرىدىكى دۆلەت تەرىپىدىن «ئاشقۇن» تەسىرگە ئىگە دەپ قارالغان دىنىي مەزمۇنلارنى تەكشۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن جازالاندى (33).

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر مەيدان «ئوچۇق خەت» ھەرىكىتى باشلىنىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ خىتايغا بولغان ساداقىتىنى بايان قىلىدىغان، شۇنداقلا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاتالمىش«تېرورچىلار»نى يوقىتىش ئۈچۈن كۈچ توپلاشقا ھەمدە بۇ ئىشقا مەسئۇللارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىرىق قىلىدىغان ئاشكارا يازما باياناتلار ئېلان قىلىش تەلەپ قىلىندى (34). خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قەشقەردىكى بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارى ئۆز خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: «بىز چوقۇم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ‹ئىككى يۈزلىمچى›لەرنى ئاشكارىلاپ، ئاما

ئارىسىدىكى ناچار ئۇنسۇرلارنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاپ، ئۇلارنى يوقىتىۋېتىشىمىز كېرەك» (35). ئۆتمۈشكە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىرازلىرىنى باستۇرۇشتا سەممىيەتسىزلىك قىلغان «ئىككى يۈزلىمچى» ئەمەلدارلارنى تېپىپ چىقىش ۋە جازالاش جەھەتتىكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئورۇنۇشنىڭ باشلىنىشىدەك قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، قارىماققا پارتىيەگە سادىق بولغان، ساقچى تارماقلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان ياكى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ يوشۇرۇن ئۆكتىچىلەر، دۆلەتكە ساداقەتسىزلەر ۋە ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»گە قولايلىق ياراتقانلار دەپ قارىلىپ، قاتتىق تەكشۈرۈلدى. ئەمەلىيەتتە قارايدىغان بولساق، بۇ خىتاينىڭ مەزكۇر تەھدىتنى بىئوپولىتىكىلىق (يەنى ئاتالمىش «تېرورلۇق تەھدىتى»نى ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر مىللەت بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ، ت) چۈشەندۈرۈشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نەزىرىدە، «ئاشقۇنلۇق»تىن «يۇقۇملىنىش» گويا راك كېسىلىگە ئوخشاش پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىگە تارقىلىپ بولغانىدى.

مەزكۇر رايوندىكى خىتايلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، قاراقاش ۋە گۇمادىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىدىن كېيىن، «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى» 2017 - يىلى 1 - ئاي ۋە 2 - ئايدا ئىككى قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھەربىي پارات ۋە «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» مانېۋىرى ئۆتكۈزۈپ، خىتاينىڭ قورال - ياراغ ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىقى، 2016 - يىلى 12 - ئايدا قاراقاش ناھىيەلىك پارتكوم بىناسىدىكى ئاتالمىش يۈك ماشىنىسىنى پارتلىتىش ۋەقەسىدىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى ۋە بۇنىڭغا چېن چۈەنگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار قاتناشتى (36). مەزكۇر كۈچ كۆرسىتىشتە، «تېرورچىلار»غا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن راۋۇرۇس مەشىقلەندۈرۈلگەن قوراللىق قىسىملار، شۇنداقلا قاتار - قاتار برونېۋىكلار ۋە شەھەر مۇھىتىدىكى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» تاكتىكىلىرى نامايەن قىلىندى (37). گۇمادىكى زوراۋانلىقتىن ئىككى كۈن كېيىن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ، مىڭلىغان قوراللىق ئوفىتسېرلار خوتەن شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا پاراتتىن ئۆتتى (38). ئۇيغۇرلار ھېلىھەم نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن توقسان پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان بۇ رايونغا نىسبەتەن، بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچ كۆرسىتىش ئىدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پارات ۋە ھەربىي كۈچ كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى گويا «كۈچ كۆرسىتىش بايرىمى»غا ئوخشاش، شۇ يىلى ئەتىيازنىڭ قالغان مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق شەھەرلەردە، بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە يۆتكىلىپ داۋام قىلدى (39).

ئەينى ۋاقىتتىكى «ئىككى يۈزلىمچى» ئۇيغۇر كادىرلىرىنى جازالاش ئارقا كۆرۈنۈشىدە، بۇ نامايىشلار خىتايلارغا «گەرچە يەرلىك ئۇيغۇر كادىرلار ۋە ساقچىلارغا ئىشەنگىلى بولمىسىمۇ، دۆلەتنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتى ھەرقانداق زوراۋان ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىدىن كېلىدىغان تەھدىتنى يوقىتىشقا تەييار» دېگەن ئۇچۇرنى بىلدۈرگەندەك قىلاتتى. خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باش سېكرېتارى جۇ خەيلۇن خوتەندە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «تېرورچىلارغا قارىتىلغان سىجىل ھوشيارلىق ۋە قاتتىق بېسىملىق ھەيۋە ئۇلارنى يولنىڭ ئاخىرىغا قىستاپ ئاپاردى، ئۇلار

ماڭدىغان يولى قالماي، خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىغان ياۋايى هايۋانلارغا ئوخشاپ قالدى» (40). ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ «يولنىڭ ئاخىرى»غا كېلىپ قالغانلىقىنى جاكارلىغانغا باراۋەر ئىدى.

شۇ يىلى 3 ـ ئايدا ئوتتۇرىغا چىققان، پات يېقىندا يۈز بەرگۈسى سىستېمىلىق كۈلتۈرەل يوقىتىشنىڭ يەنە بىر ئالامىتى رايونلۇق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن يېڭى «ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش نىزامنامىسى»نى تەستىقلىغانلىقى ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر نىزامنامىنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ۋە «دىنىي ئىشلار نىزامى»نىڭ «شەرھىسى» دېيىشكە بولىدىغان بولۇپ، ئۇ «ئاشقۇنلۇق» ۋە «ئاشقۇن» قىلمىشلارغا تېخىمۇ ئېنىق ئېنىقلىما بەرگەنىدى. بۇ نىزامدا «ئاشقۇن» قىلمىشنىڭ 15 خىل ئوخشىمىغان ئىپادىسى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە باشقىلارغا دىنىي ئىبادەتلەرنى لايىقىدا ئادا قىلىش توغرىسىدا ھەرقانداق شەكىلدە نەسىھەت قىلىش، جۇملىدىن مۇئەييەن يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن باشقا پائالىيەتلەرنى هارام دېيىش، دىنىي مۇراسىملاردا مۇۋاپىق قائىدە ـ يوسۇنلارغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش، كىشىلەرنى باشقا مىللەت ۋە ئېتىقادتىكىلەر بىلەن توي قىلىشتىن، ئارىلىشىپ ياشاشتىن ياكى ئارىلىشىپ ئۆتۈشتىن توسۇش، كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۈندەش قاتارلىقلار بار ئىدى (41). بۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر نىزامنامىدە يەنە باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۈندىشى مۇمكىن بولغان ماتېرىياللارنى ساقلاش، ھەمبەھىرلەش، ئېرىشىش ياكى تارقىتىش؛ ئەرەبچىدىن كىرگەن بەزى ئىسىملارنى قويۇش، «بىنورمال» ساقال قويۇش ۋە مۇئەييەن ئۇسلۇبتىكى كىيىملەرنى كىيىش قاتارلىقلار «ئاشقۇن» قىلمىش دەپ بېكىتىلگەن (42). قىسقىسى، مەزكۇر نىزامنامىدە بارلىق دىنىي پائالىيەتلەر ۋە دۆلەت تەرىپىدىن ئېنىق تەشۋىق قىلىنمىغان ھەرقانداق دىنىي ئۆچۈرلارنى ئوقۇش، كۆرۈش، ئاڭلاش جىنايەت دەپ بېكىتىلگەنىدى.

گەرچە بۇ چەكلىمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېزا ـ قىشلاقلاردا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدا، «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»غا ئەگىشىپ، ئاللىقاچان يولغا قويۇلۇپ بولغان بولسىمۇ، يېڭى نىزامنامىدە تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئاسسىمىلياتسىيە خاراكتېرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان چەكلىمىلەرنى يولغا قويۇش تەشەببۇس قىلىنغانىدى. «نىزامنامە»نىڭ 4 ـ ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىشتە پارتىيەنىڭ دىنىي خىزمەتتىكى ئاساسىي سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، دىننى تېخىمۇ خىتايلاشتۇرۇش ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش كېرەك» (43). «نىزامنامە»دە يەنە دۆلەت تەرىپىدىن «پۈتكۈل جەمئىيەتنى قاپلاش» دەپ ئاتالغان مېتود قوللىنىلىپ، هاياتنىڭ ھەر قانداق ساھەسىدىكى «ئاشقۇنلۇق» (يەنى ئىسلامىي) دەپ قارالغان ھەر قانداق نەرسىنى يوقىتىش تەلەپ قىلىنغان. «نىزامنامە»نىڭ 12 ـ ماددىسىدا «تەتقىقات تۈرلىرى، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشلەر، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋەھاكازالار ئارقىلىق ئاشقۇنلۇققا تۈرتكە بولۇش» دەپ ئىزاھلىغىلى بولىدىغان ھەرقانداق نەرسە توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار جىنايەت دەپ بېكىتىلگەن (44). ئوخشاشلا، شۇنىڭدىن كېيىنكى ماددىلاردا سودا، ئاممىۋى ساغلاملىق، مائارىپ، تېلېگراف، ئاخبارات، قاتناش ساھەلىرىدىكى، شۇنداقلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى، جۇملىدىن هاكىمىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ كىشى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغانلىكى ساھەلىرىدىكى ئاشقۇنلۇقنى قانداق قىلىپ يوقىتىش ۋە «ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش»نى ئىلگىرى سۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ يېڭى

«ئاشقۇنلۇقنى تۇگىتىش» ئۇرۇنۇشىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ۋە رايونلىرىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى ئىنچىكە تەكشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. گەرچە ئۇ ئاساسلىقى دىنغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەدبىقلىنىشى ئۇنىڭ ئۇيغۇر كۇلتۇرىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى، بولۇپمۇ بالىلارنى دىنىي ئىدىيەلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان ياكى ئۇلارغا ئۇيغۇرچە خاسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەرقانداق پەرزەنت تەربىيەسىنى جىنايەت دەپ بېكىتىشكە ئىشلىتىلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھالبۇكى، يېڭى «نىزامنامە»نىڭ 14 ـ ماددىسى ئۇنىڭدىكى ئەڭ شۇملۇق پۇراپ تۇرىدىغان ماددا بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنلا بەرپا قىلىنىدىغان كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش ـ «قايتا تەربىيەلەش» سىستېمىسىغا ئاساس سالغانىدى. ئۇنىڭدا «تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش، يەككە ۋە كوللېكتىپ تەربىيەلەشنى بىرلەشتۈرۈش؛ قانۇن جەھەتتىكى تەربىيەلەش بىلەن يېتەكلەشنى بىرلەشتۈرۈش؛ ئىدىيەۋى تەربىيەنى، پىسخىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىشنى، قىلمىشنى توغرىلاشنى ۋە ھۈنەر ئۆگىتىشنى بىرلەشتۈرۈش؛ تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش بىلەن ئىنسانىي كۆيۈمنى بىرلەشتۈرۈش؛ تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش» قاتارلىقلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىكى تەدبىرلەر بەلگىلەنگەنىدى (45). ئۇيغۇر دىيارىدىكى كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تۇنجى بولۇپ ئاشكارىلىغان تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزغا (Adrian Zenz) كۆرە، «ئاشقۇنلۇقنى تۇگىتىش نىزامنامىسى»دىكى بۇ ئالاھىدە ماددا مەزكۇر لاگېرلارنىڭ قۇرۇلۇشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

شۇ ۋەجىدىن، 2017 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن كېيىنكى بىر يىلدا خىتاينىڭ شۇنىڭدىن كېيىن پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا قۇرۇلىدىغان كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرى ئۈچۈن قۇرۇلۇش مۇلازىمەتلىرىنى شىددەت بىلەن سېتىۋالغانلىقى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى (46). زېنزنىڭ 2016 ـ يىلى ئەتىيازدىن 2018 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى تەتقىقاتىدا، بۇ رايوندىكى چوڭ تىپتىكى تۈرمىگە ئوخشاش ئىمارەتلەرنىڭ سىستېمىلىق قۇرۇلۇشى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلگەن. مەزكۇر ئىمارەتلەر چوڭ تاملار، ئۈچلۈق تۆمۈر توسۇق، نازارەت قىلىش سىستېمىسى ۋە قاراۋۇلخانا قاتارلىق كۈچلۈك بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى (47). بەلكىم خىتاي كومپارتىيەسى بۇنداق چوڭ تىپتىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىنى قۇرۇشنى قارار قىلىشتا 2014 ـ يىلدىن باشلاپلا مەۋجۇت بولغان كىچىك تىپتىكى «قايتا تەربىيلەش» پروگراممىلىرىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەزكۇر پروگراممىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىنى قايتا پروگراممىلاشنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇللىرىنى سىناق قىلغانىدى. مەسىلەن، زېنز (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يەرلىك پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى 2014 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلغىچە «ئاشقۇنلۇق»قا قارشى «قايتا تەربىيەلەش» خىزمىتىگە ئالاقىدار تەتقىقاتنى نەقىل قىلغان بولۇپ، مەزكۇر تەتقىقاتتا بارلىق ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردە «مەركەزلىك ھالدا تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش ۋە مەشىقلەندۈرۈش مەركىزى» قۇرۇش تەۋسىيە قىلىنغان (48). چېن چۈەنگو ھۆكۈمىتىمۇ 2017 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دەل شۇنداق قىلىشنى (يەنى كەڭ كۆلەمدە لاگېر قۇرۇشنى) قارار قىلغان بولۇپ، بۇ قارار مەزكۇر رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش ۋە بۇ كىشىلەرنى خىتايلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان كۇلتۇرغا مەجبۇرىي سىڭدۈرۈش ئۈچۈن سىستېمىلىق مۇجادىلىنى باشلىدى. مىللىي كىملىككە قارىتىلغان بۇ سىستېمىلىق ھۇجۇمنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك تارتىدىغان قىسمى، ئۆتمۈشتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنى ئەسلىتىدىغان كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرى تۇرىدۇ. ئەمما، بۇمۇ پەقەت كۇلتۇرەل ۋەيران قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنىڭ يادرولۇق قىسمىدۇر، خالاس. مەزكۇر سىستېما «قايتا تەربىيەلەش» نامىدىكى جازا لاگېرلىرىدىن باشقا، يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىلمۇخىل تۈرمىلەرنى، ئۇنىۋېرسال نازارەت قىلىش ۋە باھالاش سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئورگانلار بىرلىكتە تەلتۆكۈس قورقۇنچ ۋە چاتما جىنايى جاۋابكارلىق مۇھىتى ياراتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي كاپىتالىنى يىمىرىپ تاشلاپ، ھەربىر ئۇيغۇر شەخسىنىڭ روھىيىتىنى ۋەيران قىلدى. بۇ خىل قورقۇتقۇچى ۋە روھىيەتنى ۋەيران قىلغۇچى سىستېمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى قارشىلىقىنى يوقىتىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە تىلنى ۋە كۇلتۇرەل ئەنئەنىلەرنى يوقىتىش، شۇنداقلا كۇلتۇرەل يادىكارلىقلار ۋە مەھەللىلەرنى تۈزلىۋېتىش ئارقىلىق ئۇيغۇر زېمىنىدىكى ئۇيغۇرلارغا خاس كۇلتۇرەل نامايەندىلەرنى تەدرىجىي يوقاتتى. شۇنداقلا، خىتاي مەزكۇر ئۇيغۇر كۇلتۇرەل نامايەندىلىرىنىڭ ئورنىغا تىپىك خىتايچە كۇلتۇرەل ۋە ماددىي مەنزىرە بەرپا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ كىملىكىنى ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، ياتاقلىق مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە مىللەتلەرئارا مەجبۇرىي تويلىشىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى. ماھىيەتتە، مەزكۇر سىستېما يوقىتىش ۋە ئورنىغا دەسسىتىش جەريانىنى، يەنى ئۇيغۇر كۇلتۇرى ۋە كىملىكىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خىتاي كۇلتۇرى ۋە كىملىكىنى دەسسىتىشنى ئىلگىرى سۈردى.

## تۈرمە ۋە تۇتۇپ تۇرۇش (لاگېر) سىستېمىسى

كۆپىنچە كىشىلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمانلار 2017 ـ يىلى 4 ـ ئاي ۋە 5 ـ ئايدا «ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش نىزامنامىسى» ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشقا باشلىغان، دەپ قارايدۇ (49). ھالبۇكى، شۇ يىلى كۈزگە ـــ يەنى «تېرورلۇققا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش»قا سەۋەب بولغان «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى»نىڭ يۈز بەرگىنىگە 16 يىل بولغان ھەپتىگە كەلگەندە، بۇ پروگراممىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان خەۋەرلەر ئاندىن چەتئەل تاراتقۇلىرىدا تارقىلىشقا باشلىدى. «يەر شارى پوچتا گېزىتى»، «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» (HRW) ۋە «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» ئۈچ كۈن ئىچىدە

ئارقا ـ ئارقىدىن ئالاقىدار خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى. شۇنداقلا، «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» بۇ رايوندىكى «قايتا تەربىيەلەش»نىڭ يېزىلاردىكى ئاز ساندىكى دىندار ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتتىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاھالىنىڭ زور بىر قىسمى دۇچ كەلگەن كەڭ كۆلەملىك ھادىسىگە ئايلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى (50).

«كىشىلىك ھوقۇقىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا «تېرورلۇققا قارشى تەربىيەلەش مەركىزى»دىن «مائارىپ ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ تەربىيەلەش مەركىزى»گىچە بولغان ھەر خىل ئىسىمدىكى «قايتا تەربىيەلەش» ـ تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مەزكۇر تەشكىلاتقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ نەچچە ئايدىن بۇيان مۇشۇ خىل مەركەزلەرگە ئەكېتىلگەن پېتى غايىب بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ۋە قاچان قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى (51). «كىشىلىك ھوقۇقىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى» يەنە بۇ مەركەزلەرنىڭ ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىلگەن مەۋجۇت (مەسىلەن، ئەسلىدىكى نورمال مەكتەپلەردىن «تەربىيەلەش مەركىزى»گە ئايلاندۇرۇلغان، ت) ئاممۇۋى بىنالار ۋە يېڭى بىنالارنىڭ بىرىكمىسى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى (52). يېزىلاردىكى يەرلىك پارتىيە ئاپپاراتلىرى ۋە ساقچىخانىلار بىلەن تېلېفون سۆزلىشىشكە مۇۋەپپەق بولغان «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» يېزىلاردا بۇ مەركەزلەرگە كىرگەن (تۇتۇپ كېتىلگەن)لەرنىڭ سانىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى (53). «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ تېلېفونىنى ئالغان ئاقتۇدىكى بىر ئايال ساقچىنىڭ سۆزىگە كۆرە، «يانفونىنىڭ SIM كارتىسىنى تاشلىۋەتكەن ياكى تىزىملاتقاندىن كېيىن يانفونىنى ئىشلەتمىگەنلەر؛ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن سابىق مەھبۇسلار؛ قارا تىزىملىكتىكى كىشىلەر؛ بىر قىسىم ئادەتتىكى دىنىي كەيپىياتقا ئىگە <گۇمانلىق كىشىلەر> ۋە چەتئەلدە تۇغقانلىرى بارلاردىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك گۇمانلىق كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنىپ، تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا سولانغان» (54).

زېنزنىڭ مۆلچەرىچە، شۇ يىلى ئەتىيازدا مەزكۇر پروگراممىا باشلانغاندىن تارتىپ، 9 ـ ئايدا ئالاقىدار خەۋەرلەر ئوتتۇرىغا چىققۇچە بولغان مەزگىلدە، بۇ ئورگانلارنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىدىن قۇرۇش ئۈچۈن كەم دېگەندە 860 مىليون يۈەن ياكى 126 مىليون ئامېرىكا دوللىرى خەجلەنگەن (55). 2018 ـ يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە، كانادادا قانۇن كەسپىدە ئوقۇۋاتقان بىر خىتاي ئوقۇغۇچى «گۇگۇل يەرشارى»نىڭ (Google Earth) سۈنئىي ھەمراھ رەسىملىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ پۈللار ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىدا 94 مۇستەقىل، يېڭى «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرى قۇرۇلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى (56) زېنزنىڭ ھېسابلىشىچە، 2018 ـ يىلى ئەتىيازغىچە بۇ جازا لاگېرلىرىغا تەخمىنەن بىر مىليون ئۇيغۇر سولانغان بولۇپ، بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى 20 ياشتىن 79 ياشقىچە بولغان ئۇيغۇر ۋە قازاق نوپۇسىنىڭ 11.5 پىرسەنتىگە باراۋەر كېلىدىكەن (57). ئەگەر بۇ سانلىق مەلۇماتلار توغرا بولسا، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشى ناھايىتى تېزلا تارىختىكى ئەڭ چوڭ، قانۇنسىز، مۇئەييەن مىللەت(لەر)نى نىشان قىلغان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى.

2018 ـ يىلى بۇ چوڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى دۇنيا مىقياسىدا ئاشكارىلانغاندىمۇ، خىتاي ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملىق ئىنكار قىلدى (58). ھالبۇكى، خىتاينىڭ مۇئەييەن ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا قارىتىلغان بۇ قەدەر كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتىنى مەخپىي تۇتالمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى، بولۇپمۇ ئۇلار 100 گە يېقىن تۇرمىسىمان چوڭ قورۇلۇشقا چېتىلغاندا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرلەشمە ئاگېنتلىق 2018 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىلگىرى جازا لاگېرلىرىغا سولانغان ۋە ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن قازاقىستانغا قېچىپ چىققان بىر قانچە ئۇيغۇر ۋە قازاقنى زىيارەت قىلدى (59). بۇ مەزكۇر لاگېرلاردىكى ئىچكى تۇرمۇش توغرىسىدىكى تۇنجى بىۋاستە شاھىتلىق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېكايىلىرى كىشىنى قاتتىق تەشۋىشكە سالاتتى. كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان دەلىل ـ ئىسپاتلار ئالدىدا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئاخىرى 2018 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بۇ لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلدى ـ يۇ، ئەمما بۇ جايلارنىڭ ئاتالمىش «ئاشقۇنلار»نى ئىسلاھ قىلىش مەقسىتىدە، ياخشى نىيەتتە تەسىس قىلىنغان «كەسپىي تەربىيەلەش مەركەزلىرى» ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلدى (60). 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، مەزكۇر لاگېرلاردا تۇرۇپ باققان بەزى سابىق لاگېر تۇتقۇنلىرى ۋە خادىملىرى خەلقئارا تاراتقۇلارغا ۋە تەتقىقاتچىلارغا (ئۆز كەچمىشلىرى توغرىسىدا) ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆز قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ لاگېردىكى كۈندىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، مەزكۇر ئاپپاراتلار قانداقتۇر ياخشى نىيەتتە تەسىس قىلىنغان كەسپىي مەكتەپلەر بولماستىن، ماھىيەتتە ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمان تۇتقۇنلارنى ئۆز كىملىكىدىن مەھرۇم قىلىشنى مەقسەت قىلغان، مىللىي قاراتمىلىقتا ئىگە چوڭ تىپتىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدۇر.

## لاگېر ھاياتى

بۇ لاگېرلارنىڭ مەيلى كىملەرنى تۇتقۇن قىلىش، ياكى شارائىت جەھەتتە بولسۇن، بىرلىككە كەلتۈرۈلمىگەنلىكىگە ئائىت پاكىتلار مەۋجۇت. بولۇپمۇ، كىشىلەرنىڭ بۇ لاگېرلارغا مۇئەييەن ئۆلچەملەرگە كۆرە سولانمىغانلىقىنى (يەنى قارىقويۇق، قارىسىغا تۇتۇلغانلىقىنى، ت) كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بار. ئەكسىچە، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ قانچىلىك كىشىنى لاگېرغا سولاش توغرىسىدا ئېنىق نورما بېكىتكەنلىكى توغرىسىدا كۈچلۈك پاكىتلار بار. مەسىلەن، غۇلجىغا يېقىن مەلۇم بىر يېزىدىكى بىر ئەمەلدار 2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»غا ئۆزى تەۋە يەرلىك ھۆكۈمەتكە كەم دېگەندە يەرلىك ئاھالىنىڭ ئون پىرسەنتىنى «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرىغا ئەۋەتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانلىقىنى دەلىللىدى (61). نەتىجىدە، پارتىيە ئەمەلدارلىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى سانى ئالدىن بېكىتىلگەن ئاتالمىش «ئاشقۇن»لارنى تېپىپ چىقىشى (يەنى بەلگىلەپ بېرىلگەن سانىنى

توشقۇزۇشى، ت) كېرەك بولغاچقا، جايلار ئارىسىدىكى تۇتقۇن قىلىش ئۆلچىمىمۇ پەرقلىق بولغان. «ئاشقۇن قىلمىش»نىڭ ئېنىقلىمىسىنىڭ تولىمۇ مۇجمەللىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەمەلدارلار كىملەرنى تۇتقۇن قىلىش جەھەتتە خېلى كەڭ تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. «دىپلوماتىيە سىياستى» تورى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جازا لاگېرلىرىغا سولىنىشىدىكى نۇرغۇن بىمەنە سەۋەبلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، **2018** - يىلى «خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىغا سولىنىشنىڭ **48** خىل ئۇسۇلى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ «ئۇسۇل»لارنىڭ ئىچىدە «چېدىرى بار بولۇش؛ كىشىلەرگە قالايمىقان قەسەم قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش؛ تاماكا چەكمەسلىك ۋە هاراق ئىچمەسلىك» قاتارلىق «گۇمانلىق قىلمىشلار» بار ئىدى **(62)**. تۇتقۇن قىلىش سەۋەبلىرى پەرقلىق بولغىنىكەن، ئوخشىمىغان لاگېرلارنىڭ شارائىتلىرىمۇ مۇقەررەر هالدا پەرقلىق بولىدۇ. (بۇ لاگېرلارنىڭ) بەزىلىرى يېپيېڭى بىنالار بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىلگەن (كونا) بىنالار ئىدى؛ بەزىلىرىدە ئادەم تىقما - تىقما بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. هالبۇكى، هەر قانداق چوڭ تىپتىكى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىچكى شارائىتىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇهىم ئامىل يەنىلا مەسئۇل كىشىنىڭ ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ خاراكتېرى ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەزكۇر لاگېرلارنى پەردازلاپ كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان پائالىيەتلەردىن باشقا چاغلاردا، سىرتتىكى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ بۇ لاگېرلارغا كىرەلمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، قايسى لاگېرلارنىڭ ئەڭ زالىم ئىكەنلىكى قاتارلىق تەپسىلىي ئۇچۇرلار هېلىهەم ئاشكارىلانغىنى يوق.

گەرچە ئەهۋال شۇنداق بولسىمۇ، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا، لاگېر تۇتقۇنلىرى ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلانغاندەك قىلاتتى. جازا لاگېرلىرى توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ناهايىتى سىجىل خىتاي تىلى دەرسى ۋە «سىياسىي تەربىيە»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر سىستېما تىلغا ئېلىنغان **(63)**. هالبۇكى، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ هېچقايسىسى كۆرۈنگىنىدەك ياخشى نىيەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانىدى. مەسىلەن، جازا لاگېرلىرىدىكى تىل ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆز دەرسلىرىدە پېداگوگىكىدىن بەكرەك، كۈچ ۋە هەيۋىگە ئەهمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدى **(64)**. بىر ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ تۆمۈر رېشاتكا ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىۋېتىلگەن هالەتتە دەرس ئۆتىدىغانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆت سائەتلىك تىل دەرسى جەريانىدا ئىزچىل دىققىتىنى يىغىپ تىك ئولتۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى **(65)**. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار مىدىرسا ياكى مۈگدەپ قالسا، بۇ هەممە يەرنى قاپلىغان كۆزىتىش كامېرالىرىنىڭ «كۆزى»دىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ - دە، كۆزىتىش كامېراسى ئارقىلىق دەرسنى نازارەت قىلىپ تۇرغان كىشى ياڭراتقۇ ئارقىلىق، تۇتقۇنلارنى پۈتۈن دىققەتنى يىغىپ ئولتۇرۇش توغرىسىدا ئاگاهلاندۇرىدۇ. بۇ بۇيرۇقلارغا بويسۇنمىغان ئوقۇغۇچىلار دەرسنىڭ قالغان قىسمىدا ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ، هەتتا تېخىمۇ قاتتىق جازالىنىش ئۈچۈن سىنىپتىن ئەچىقىپ كېتىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىتاي تىلى سەۋىيەسى پەرقلىق بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ خىتايچە سەۋىيەسى ئوقۇتقۇچىنىڭكىدىنمۇ ياخشى بولسا، يەنە بەزىلىرى ئىلگىرى پەقەتلا تىل تەربىيەسى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن **(66)**. بۇ خىل ئەهۋال شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ دەرسلەر ئوقۇتۇش ۋاستىسى بولۇشتىن بەكرەك، خىتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇرچىدىن مۇهىم ئىكەنلىكىنىڭ كۈچلۈك جاكارى ئىدى.

سىياسىي تەربىيە دەرسلىرىمۇ شۇنىڭدەك (يەنى خىتاي تىلى دەرسلىرىدەك)، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئازابلىق ئىدى. مەھبۇسلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «ئۇلۇغ»لۇقى توغرىسىدا بىر نەچچە سائەت تەشۋىقات فىلمى كۆرگەن ۋە لېكسىيە ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىدلەشكە مەجبۇرلىناتتى. جازا لاگېرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ باققان قازاق ئايال سايراگۈل ساۋۇتباي ئېيتقاندەك: «ئوقۇغۇچىلار چوقۇم (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نەزىرىدىكى، ت) <جىنايەت>لىرى توغرىسىدا ئويلىنىشى كېرەك ئىدى. شۇنداقلا، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش، خىتاي تىلى ياكى كۇلتۇرىنى بىلمەسلىك، ئەخلاقسىز قىلمىشلار قاتارلىق ھەممە نەرسە دېگۈدەك جىنايەت ھېسابلىناتتى. راۋۇرۇس ئېغىر <جىنايەت>لىرىنى ئويلاپ ياكى توقۇپ چىقالمىغانلار جازاغا ئۇچرايتتى» (67). قازاقىستانغا قېچىپ كەتكەن يەنە بىر مەھبۇس ئۆمەر بېكئالى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ دەرسلەردە تەكرار ـ تەكرار يۇقىرى ئاۋازدا شوئار توۋلاشنىڭ پىسخىكىلىق قىيناشقا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى (68).

خىتاي تىلى ۋە سىياسىي تەربىيە دەرسلىرى پىسخىكىلىق قىيناش بولسا، سىنىپ سىرتىدىكى تۇرمۇش تېخىمۇ ئېغىر روھىي گۇمرانلىق جەريانى ئىدى. تۇتقۇنلارنىڭ ئانا تىلىدا سۆزلىشى چەكلىنىپلا قالماي، ھەتتا دەرسخانىنىڭ سىرتىدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشى ۋە پاراڭلىششىغىمۇ يول قويۇلمايتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ئىلگىرى ئالاھىدە چوڭ بىر لاگېردا قاراۋۇللۇق قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىرەيلەننىڭ ئېيتىشىچە، تۇتقۇنلارنىڭ لاگېردا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ھەرقانداق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشىگىمۇ يول قويۇلمايدىكەن (69). بۇ قاتتىق بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ھەممىلا يەرنى قاپلىغان كۆزىتىش كامېرالىرى ھېچبىر يەرنى چالا قويماي كۆزىتىپ تۇراتتى. ئېيتىلىشىچە، (ئەڭ پىنھان جاي بولۇشى كېرەك بولغان، ت) مۇنچىمۇ كامېردىكى ئوچۇقچىلىقتا ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئۆز كامېرلىرىدا نورمال ھاجەتخانىنىڭ ئورنىغا چېلەك ئىشلەتكەن (70). تۇتقۇنلارغا يەنە ئەڭ ئاز مىقداردا يېمەكلىك بېرىلگەن بولۇپ، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بەكلا جۈدەپ كېتىشكەن. بۇ خىل (ناچار) شارائىتلار تۈپەيلى، جازا لاگېرلىرىدا ئۆلۈۋېلىش ھادىسىلىرى شۇ دەرىجىدە ئومۇملاشقانكى، بەزىدە تۇتقۇنلارنىڭ ئۆلۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى ئارقىلىق «ئۆلۈۋېلىشتىن ساقلىنىش» كىيىملىرىنى سېتىۋېلىشى تەلەپ قىلىنغان (71).

نۇرغۇن جازا لاگېرلىرى شاھىتلىرىنىڭ كەچمىشىدىكى تېخىمۇ سىرلىق (ئورتاق) نۇقتىلارنىڭ بىرى، مەھبۇسلارغا مەجبۇرىي دورا ئىچكۈزۈش ھادىسىسىدۇر. بىر نەپەر سابىق قاراۋۇلنىڭ ئېيتىشىچە، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ھەر ئايدا تارقىلىشچان زۇكام ۋە باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن نامەلۇم ئوكۇل ئۇرۇلغان (72). بۇ ئىش توغرىسىدا توختالغان مەھبۇسلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزلىرىگە ئۇ دورىلارنىڭ ئاشۇ خىل مەقسەتتە (يەنى تارقىلىشچان زۇكام ۋە باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن) بېرىلگەنلىكىگە ئىشەنمەيدىكەن. مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش دورا بېرىلگەنلىكى ياكى ئوخشىمىغان مەھبۇسلارغا ئوخشىمىغان دورا بېرىلگەنلىكى تېخىچە ئېنىق ئەمەس. بىر قانچە نەپەر سابىق ئايال مەھبۇس بۇ دورىلار سەۋەبلىك ئادىتىنىڭ توختاپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئاخىرىدا تۇغماس بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى (73). يەنە بەزىلەر شۇ دورىلار سەۋەبلىك بىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقىنى ئېيتتى.

شۇنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، جازا لاگېرلىرىدىكى كىشىنى ئەڭ پاراكەندە قىلىدىغان ئىش قىيىن ـ قىستاق ۋە خورلاشتۇر. لاگېر شاھىتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەلۇم دەرىجىدە قىيناشقا ئۇچرىغان ياكى ئۇنىڭغا شاھىت بولغان. شاھىتلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆزلىرى تۇرغان لاگېردا مەخسۇس قىيناش ئۆيى بارلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقلا، قىيىن ـ قىستاق جەريانىدا پۇت ۋە بىلەكلەرنى قۇلۇپلايدىغان «يولۋاس ئورۇندۇق»نىڭ خىلمۇخىل شەكىلدە ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن باياناتلار مەۋجۇت (74). مېھرىگۇل تۇرسۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بەزىلەر ئۆزلىرىگە كۆپ قېتىم توك سوقتۇرۇلغانلىقىنى بايان قىلدى (75). ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قىيناشلار بۇ لاگېرلارنىڭ ھەممىلا جايىدا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما بۇ قىيىن ـ قىستاقلارنىڭ ۋەھشىيلىك دەرىجىسى شۇ لاگېرنىڭ ئەھۋالىغا باغلىق بولۇشى مۇمكىن. يېقىندا، سابىق ئايال مەھبۇسلار دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، لاگېر قاراۋۇللىرىنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ۋە باسقۇنچىلىقىغا ئۇچراشتەك قورقۇنچلۇق كەچمىشلىرىنى ئاشكارىلىدى (76). گەرچە دۆلەتنىڭ بۇ خىل جىنسىي پاراكەندىچىلىكلەرگە كۆز يۇمۇشى (ئاپتورنىڭ نەزىرىدە، ت) ئانچە مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ھېچ بولمىغاندا قىسمەن لاگېر باشقۇرغۇچىلىرى ئۇنىڭغا يول قويغاندەك قىلىدۇ. بۇ لاگېرلارنىڭ كۆلىمىنى ۋە ئۇنىڭ قاراۋۇللىرىغا بېرىلگەن كۈرۈنەرلىك ھوقۇقنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ خىل ۋەقەلەر (ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس) قىسمەن بولۇشى مۇمكىن.

شاھىتلاردىن ئاڭلانغان ئورتاق باياناتلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار جازا لاگېرلىرىدا ئۆز كىملىكى ۋە مىللىتىنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان. بۇ قايتا تەربىيەلەش دەرسلىرىنىڭ مەزمۇنى، شۇنداقلا تۇتقۇنلار ئۇچرىغان پسىخكىلىق قىيناش ۋە جىسمانى جەھەتتىكى خورلۇق ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بۇ (يەنى مىللىي كىملىككە قىلىنغان ھۇجۇم) ھەتتا قازاقىستان پۇقراسى بولغان، خىتاي تىلىدىن ھېچقانچە مەلۇماتى يوق ئەھۋالدا مەلۇم بىر لاگېرغا سەككىز ئاي قاماپ قويۇلغان بىر قازاق ئۇچۇنمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دەرس مەزمۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنداق دېدى: «مېنىڭ بۇ دەرسلەردىن ئېرىشكەن ئۇچۇرۇم شۇ بولدىكى، ئۇلار بىزنى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىۋەتمەكچىكەن؛ كىملىكىمىزنى يوقىتىپ، بىزنى خىتايغا ئايلاندۇرماقچى ئىكەن» (77).

بۇ خىل ئەھۋالدا، شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا زۆرۈركى، بۇ تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىدە ئىشلەيدىغانلارنىڭ نۇرغۇنى ئۇيغۇر ياكى باشقا يەرلىك مۇسۇلمان مىللەت ئەزالىرىدۇر. لاگېردا ئىشلەپ باققان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باياناتلىرى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭمۇ (خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك جازا سۈپىتىدە كۆرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سايراگۇل ساۋۇتباي ئۆزىنىڭ مەجبۇرىي ھالدا لاگېرغا دەرس ئۆتۈشكە ئايرىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، مەكتەپ مۇدىرى ئىپادىسى ناچار ئوقۇتقۇچىلارنى لاگېرغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىمەن دەپ تەھدىت سالغان. ھالبۇكى، كۆپىنچە ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەردىن بولغان قوغدىغۇچىلار ۋە كۆزىتىش كامېرالىرىنىڭ نازارەتچىلىرى بۇ يەردىكى خىزمەتنى ئۆزى خالاپ قىلغان ۋە خىزمىتى ئۇچۇن خېلى ئوبدان مائاش ئالغان. گەرچە يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان بىر قىسىم خىزمەتچىلەر مەھبۇسلارنى خورلاش ئارقىلىق ئۆز «ھوقۇقى»نىڭ «پەيزى»نى سۈرگەن بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇنداق لاگېرلارنىڭ مەلۇم بىرىدە ئىشلەيدىغان بىر بەختەرلىك خادىمى، يەنى كۆزىتىش كامېرالىرىنى نازارەت قىلىدىغان قازاق

خىزمەتچى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن، ئەمما راست ـ يالغانلىقى دەلىللەنمىگەن بىر پارچە خەتتە، بۇ خىزمەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم خىزمەتچىلەر ئۈچۈن بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئۈچۈن بەكلا ئازابلىق ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان (78). ئۇ ئۆزى شاھىت بولغان جىنسىي پاراكەندىچىلىك ۋە باسقۇنچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنى ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك تەرزدە يازغاندىن باشقا، يەنە ئۆزىنىڭمۇ دائىم «خاتالىق سادىر قىلساڭ ياكى قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلارنى دوكلات قىلمىساڭ، سەنمۇ تۇتقۇن قىلىنىسەن» دېگەن شەكىلدە تەھدىتكە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن (79).

## تۇتقۇن قىلىشتىن مەجبۇرىي ئەمگەككىچە

يېقىنقى تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي كەم دېگەندە 2018 ـ يىلىدىن باشلاپ، «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرلىرى بىلەن يېڭى مەجبۇرىي ئەمگەك مەركەزلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. بۇ يەنە يېزىلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ۋە قازاق چارۋىچىلارنى قىسقا مۇددەتلىك «قايتا تەربىيەلەش» كۇرسى ئارقىلىق زاۋۇت ئىشچىلىرىغا ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى يەنە بىر پىلان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەزكۇر پىلانلار خىتاينىڭ 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا سولانغان بىر قىسىم كىشىلەرنى قايتىدىن «تەرتىپكە سېلىش» پىلانىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى ۋە ۋەتىنىنى ــ بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ھېلىھەم ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان جەنۇبنى ــ ئۆزگەرتىش پىلانىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئادرىيان زېنزنىڭ تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2019 ـ يىلىدىن باشلاپ، نۇرغۇن لاگېرلار ئۆز تەۋەلىكىدىكى زاۋۇت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىغان ۋە شىركەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى شىركەتلەرنىڭ بۇ يېڭى زاۋۇتلاردا تىجارەت باشلىشىغا يول قويغان. زېنزنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ شىركەتلەر تۇتقۇنلارنى ئىشچى قىلىپ ئىشلىتىپ، دۆلەتنىڭ بىر يۈرۈش تولۇقلىمىلىرىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە «زاۋۇتلارنى دەسلەپكى ئىككى يىلدا ھەقسىز، ئاندىن كېيىن بازار باھاسىنىڭ يېرىمىدا ئىشلىتىش؛ ھەر بىر سابىق تۇتقۇننى ئىشچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىش ھەققى تولۇقلىمىسى ئېلىش ۋە باشقا خىلمۇخىل ئېتىبار سىياسەتلىرى» بار ئىدى (80). بۇ ئىشچىلارنىڭ جازا لاگېرلىرىنى «پۈتتۈرگەن»، ئۆزلىرىنىڭ خىتايچە راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان سىياسىي مائارىپنى ئەتراپلىق چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان كىشىلەر ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ ئىشچىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيىگە قايتىشىغا ۋە ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىدىكى «ھەمراھ زاۋۇت»لاردا ئىشلىشىگە رۇخسەت قىلىنغان (81). بۇ خىتاينىڭ «قايتا تەربىيەلەش» سىستېمىسىنى («قايتا

تەربىيەلەنگەن»لەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ خىل زاۋۇتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت) بىر خىل ئېھتىمالىي نەتىجە بىلەن تەمىنلىدى، ئەمما ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بۇ سىستېمىنى ئۆزۈن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشقا، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى يېتەرلىك دەرىجىدە «قايتا تەربىيەلەنگەن» ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئايرىۋېتىلگەن ۋە تۆۋەن كىرىملىك خىزمەت مۇھىتى يارىتىش ئارقىلىق، ئۇنى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر كىتاب ھازىرلىنىۋاتقان مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان دوكلاتلارمۇ جەنۇبتىكى يېزىلاردىن كەلگەن بىر قىسىم سابىق تۇتقۇنلار ۋە باشقا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى خەلقئارالىق چوڭ شىركەتلەر ئۈچۈن زاپچاس ۋە تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارغا ئاپىرىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ ھەم ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ نوپۇسىنى ئازايتىش ئارقىلىق كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى (يەنى ئۇنى تېزلەتتى، ت) **(82)**.

بۇ سىستېما ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خىتاينى ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى خەلقئارا تەنقىدكە قارشى تەشۋىقات نىقابى بىلەن تەمىنلىدى. مەسىلەن، **2019** ـ يىلىدا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قىسىم لاگېرلار تۇتقۇنلارنى ئاخىرىدا زاۋۇتلارغا يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز نىشانلىرى ۋە دەرسلىرىنى زاۋۇتلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئەمگەك ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىشكە قاراتقاندەك قىلىدۇ. بۇ زاۋۇتلارنىڭ كۆپىنچىسى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا قوشنا بولسىمۇ، ئەمما بەزى زاۋۇتلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىدا، ھەتتا خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىدا ئىدى. **2019** ـ يىلى يازدا تۈرلۈك خەلقئارالىق ئاخباراتچىلارغا كۆرسىتىلگەن لاگېرلاردىكى ئەھۋال دەل ئاشۇنداق بولۇشى مۇمكىن، بۇ لاگېرلاردا مەھبۇسلارنىڭ زاۋۇتلاردا ئىشلەۋاتقانلىقى ۋە كەسىپىي جەھەتتە تەربىيەلىنىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى **(83)**. بۇنىڭدىن باشقا، زېنز كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇ زاۋۇتلارنىڭ بەزىلىرى ھەم تۇتقۇنلارنى، ھەم تۇتقۇن ئەمەسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارىلاشما ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تېخىمۇ بەك يوشۇرۇشقا ياردەم بەرگەن.

يەنە شۇنىڭدەك — بەلكىم كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدىغىنى — زېنز ۋە باشقىلار شۇنىڭغا ئالاقىدار «يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» بىلەن تەمىنلەيدىغان باشقا بىر قانچە تۈرلۈك زاۋۇتقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پروگراممىسىنى بايقىغان. مەزكۇر پروگراممىلارنىڭ بىرى ئاۋۋال سابىق دېھقانلارنى ئەسلىدىكى «قايتا تەربىيەلەش» پروگراممىسىنىڭ دەرسلىرىگە قاتناشتۇرۇشتىن سىرت، ئۇلارغا ئەمگەك ماھارىتى ئۆگىتىپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا — بەزىلىرى لاگېرلارنىڭ يېنىدا، بەزىلىرى سانائەت رايونلىرىدا — يېقىندىن قۇرۇلۇۋاتقان زاۋۇتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان **(84)**. قارىماققا مەزكۇر تەربىيەلەش پروگراممىلىرىنىڭ ئىجرائات ئەھۋالى رايونلار ئارا ئوخشىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما، قەشقەردە مەزكۇر پروگراممىا دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئاز دېگەندە بىر ئايلىق مەركەزلىك تەربىيەلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا خىتاي تىلى ئوقۇتۇشى ۋە سىياسىي تەربىيە ئاساس قىلىناتتى **(85)**. نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، بۇنى «قايتا تەربىيەلەشنىڭ ئادديىلاشتۇرۇلغان نۇسخىسى» دېيىشكە بولاتتى. شۇنداقلا، بۇ خىل كۇرسقا قاتناشقانلار ھەمىشە سابىق لاگېر مەھبۇسلىرى بىلەن بىر زاۋۇتتا ئارىلاش ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. زېنزنىڭ ئېيتقىنىدەك، گەرچە بۇ پروگراممىلار دۆلەت تەرىپىدىن «سانائەتنى ئاساس قىلغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن يېزا

ئاھالىسى شۇ ئارقىلىق ئۆنۈملۈك ھالدا زاۋۇتلارغا سولىۋېلىنغان بولۇپ، مەزكۇر كىشىلەر بۇ يەردىمۇ خىتايچە سۆزلەشكە ۋە خىتاي سەركار (ئىش بېشى)لارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىشقا مەجبۇر ئىدى (86).

2020 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاۋستىرالىيەدە ئېلان قىلىنغان دوكلاتتا (مەزكۇر دوكلات ژۇرنىلىمىز تەرىپىدىن تولۇق تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىنغان) 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان مۇناسىۋەتلىك مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىسى دەلىللەنگەن. مەزكۇر پروگراممىدا سابىق مەھبۇسلار ۋە باشقا ئۇيغۇر ياشلىرى خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا، نايك ۋە «ئالما» قاتارلىق خەلقئارالىق شىركەتلەرنى مال بىلەن تەمىنلەيدىغان، سىرتتىن ئايرىۋېتىلگەن ۋە قاتتىق نازارەت قىلىنىدىغان چوڭ تىپتىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەشكە ئاپىرىلغان. مەزكۇر دوكلاتقا كۆرە، 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، كەم دېگەندە سەكسەن مىڭ ئۇيغۇر ياش ــ بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبتىكى يېزىلاردىن كەلگەن ــ شەرقىي تۈركىستاندىن يۆتكەلگەن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. بۇلارنىڭ (مەزكۇر زاۋۇتلاردىكى) يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا چەك قويۇلغان، شۇنداقلا ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ سائەتلەپ «قايتا تەربىيەلىنىش»كە مەجبۇرلانغان. مەزكۇر كىتاب نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغاندا، بۇ پىلان داۋاملىق تۈردە كېڭەيتىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن كەڭ كۆلەمدە كۆچۈرۈشكە قولايلىق ياراتقان (87).

يەنە بىر پىلان يېزىلاردا كىچىك «ھەمراھ زاۋۇت» قۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ خىل زاۋۇتلار ئادەتتە كۆپ بولغاندا ئىككى كەنتكە مۇلازىمەت قىلاتتى (88). مەزكۇر پروگرامما مەخسۇس ئاياللارنى نىشان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنى خىتايلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ۋە خىتاي تىلى ئىشلىتىلىدىغان خىزمەت مۇھىتىغا سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. چۈنكى، (خىتاي دائىرىلىرىگە كۆرە) بۇنداق قىلمىغان تەقدىردە، بۇ ئاياللار مائاشلىق خىزمەت قىلماي، ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ باللىرىنى باقالايتتى. مەزكۇر «ھەمراھ زاۋۇتلار» بۇ ئاياللارنىڭ باللىرىغا كۆيۈنگەنلىك سۈپىتىدە، كۈندۈزلۈك يەسلىلەرنى تەسىس قىلغان بولۇپ، (ئەمەلىيەتتە) بۇ يەسلىلەر بالىلارنى خىتاي جەمئىيىتىگە سىڭدۈرۈش ۋە (ئۇيغۇرلاردىكى) كۈلتۈرەل ئەنئەنىلەرنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئىشلىتىلەتتى. چۈنكى، ئاياللار ئۆيدە ئولتۇرۇپ باللىرىنى تەربىيەلىگەن تەقدىردە، بۇ خىل كۈلتۈرەل ئەنئەنىلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشالايتتى.

گەرچە مەزكۇر «يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» پروگراممىسىدا ــ مەيلى شەرقىي تۈركىستاندا، ياكى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ــ قانداق ئادەم قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ پروگراممىلارغا قاتنىشىشنى ئىختىيارىي دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، شۇنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇكى، بۇ ئەمگەك پروگراممىلىرىغا قاتنىشىشى تەلەپ قىلىنغان، ئەمما بۇنى رەت قىلغانلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا (بۇ زاۋۇتلاردىن نەچچە ھەسسە بەتتەر بولغان) ھەقىقىي تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىغا ياكى تۈرمىگە سولىنىشى مۇمكىن ئىدى.

زېنز كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، لاگېر تۇتقۇنلىرىغا، يېزىلاردىكى «ئېشىنچا» ئەمگەك كۈچلىرىگە ۋە ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ئانىلارغا قارىتىلغان بۇ پىلان ئېنىقلا سىياسىي خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇ تەرەققىيات ــ تەدرىجىي ھالدا «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى ــ نىشانى بىلەن «مۇقىملىقنى قوغداش» ۋە «تېرورلۇققا

قارشى تۇرۇش» نىشانىنى بېرلەشتۈرگەن. زېنز بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاشتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى «سىياسىي كېڭەش»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى نەقىل قىلغان: «تېرورلۇق ۋە ئاشقۇن ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ دۆلەت تىلىنى، قانۇننى ئۆگىنىشى، ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرەلىشى، شۇنداقلا ھۈنەر ئۆگىنىپ، خىزمەت قىلىپ پۇل تاپالىشى ئۈچۈن كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركەزلىرىدە (يەنى قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا) ھەمراھ زاۋۇتلار قۇرۇلىدۇ» (89). ختاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پروگراممىسىمۇ «قايتا تەربىيەلەش»كە چېتىشلىق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇددىئاسىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۇيغۇر دىيارىدىكى نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە قولايلىق يارىتىپ، ختايلارنىڭ كۆچمەنلەر مۇستەملىكچىلىكىگە بىۋاستە ياردەم بەردى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ پروگراممىلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلىرى قاتارىدىدۇر، چۈنكى مەزكۇر مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە «قايتا تەربىيەلەش» پروگراممىسىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رايوننىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان «قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش پروگراممىسى» (PAP) ئارقىلىق تەمىنلەنگەن. ھالبۇكى، مەزكۇر «قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش پروگراممىسى» كەم دېگەندە 2010 ـ يىلىدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تەرەققىيات ۋە مۇستەملىكچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەندى. مەزكۇر پىلانلار ئەنە شۇ رەۋىشتە «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدىكى كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن «ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار ئارىسىدىكى شېرىكچىلىك مۇناسىۋىتى» نامىدىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكچىلىكىگىچە بولغان ئۆزگىرىشلەرگە ۋەكىللىك قىلدى.

مەزكۇر مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىلىرى بىلەن كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنىڭ يوچۇقسىز بىرلىشىش مېتودى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ۋە تۈرمىگە سولاشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى سىجىل رەۋىشتە ۋەيران قىلىشتا ئوينىغان ئەمەلىي رولىنى چۈشىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. جازا لاگېرلىرىدىكى كەڭ كۆلەملىك مېڭە يۇيۇشنىڭ ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى زورلۇق بىلەن يوقىتىۋېتەلىشى ئانچە مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما لاگېرغا ياكى تۈرمىگە تاشلىنىش ئەندىشىسى جازا لاگېرلىرىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرنى دۆلەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە لايىھەسىگە بويسۇنۇشقا ئۈندەيدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر. يۇقىرىدا يېزا ئۇيغۇرلىرىنى نىشانلىغان زاۋۇتلاردا ئەمگەك قىلغۇزۇش پىلانى توغرىسىدا ئېيتىلغاندەك، ھەممىلا جاينى قاپلىغان تۇتقۇن قىلىنىش خەۋپى ھېلىھەم تۇتقۇن قىلىنمىغان ئۇيغۇرلارنى ھەر خىل ئاسسىمىلياتسىيە پروگراممىلىرىغا «ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن» قاتنىشىشقا ئۈندەيدۇ، چۈنكى قاتنىشىشنى رەت قىلىش ئۇلاردا «ئاشقۇنلۇق» خاھىشى بارلىقى توغرىسىدىكى گۇمانغا سەۋەب بولىدۇ.

**تۈرمىگە تاشلاش**

گەرچە چوڭ تىپتىكى جازا لاگېرلىرىدىكىلەرنىڭ قىسمىتى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ جازا لاگېرلىرى پەقەت 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ جەمئىيەتتىن ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، باشقا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ھەقىقىي تۈرمىلەردە تېخىمۇ ۋەھشىي شارائىتقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. 2017 ـ يىلى، ئۇيغۇر رايونىدا 87 مىڭغا يېقىن ئادەمگە جىنايەت بېكىتىلىدى، بۇ 2016 ـ يىلىدىكىنىڭ ئون ھەسسىسىگە تەڭ ئىدى. شۇنداقلا، 2017 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ رايوندا جەمئىي 230 مىڭ ئادەمگە جازا ھۆكۈم قىلىندى (90). گەرچە بۇ جازالارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ياكى باشقا مۇسۇلمانلارغا قارىتىلمىغان بولسىمۇ، شۇنداقلا بۇ جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىدە ياتمايدىغان بولسىمۇ، ئەمما جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

مەسىلەن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۆپىنچە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرى، جۈملىدىن پروفېسسورلار، يازغۇچىلار ۋە مۇزىكانتلار، شۇنداقلا نۇرغۇن دىنىي زاتلار ئەمەلىيەتتە «قايتا تەربىيەلەنگەن» بولماستىن، بەلكى تۈرمىگە تاشلانغاندەك قىلاتتى. بۇ كىشىلەر ئۇيغۇر كۈلتۈرى ۋە كىملىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا پەۋقۇلئاددە مۇھىم دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ «قايتا تەربىيەلەش» دەرسخانا مۇھىتىدا باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىۋېلىشىغا يول قويۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت، 2017 ـ يىلىدا ئېلان قىلىنغان، ئاساسلىقى باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەرگە جىنايەت ئارتىدىغان «ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش نىزامنامىسى»نىڭ مەنتىقىسىگە كۆرە، مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە دىنىي زاتلار تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر نوپۇسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق گۇماندارغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە دىنىي زاتلاردىن باشقا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە «ئىشەنچ كەتكەن» دەپ قارالغان باشقا نۇرغۇن كىشىلەر قانۇنسىز ھالدا («جازا لاگېرلىرى»دا) تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بولماستىن، قولغا ئېلىنىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بىراۋنىڭ تۈرمىگە ياكى لاگېرغا تاشلانغانلىقىنىڭ چېگراسى دۆلەتنىڭ ئەمەلىي قولغا ئېلىشنى بىر تەرەپ قىلىش چەكلىمىسى ۋە بۇ رايوندىكى تۈرمىلەرنىڭ چەكلىك بوشلۇققا باغلىق بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن سىرت، «قايتا تەربىيەلەش» نامىدا تۇتۇپ تۇرۇش بىلەن تۈرمىگە تاشلاشنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار مەۋجۇت. لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئىپادىسى ياخشى بولمىغانلار قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىشى، شۇنداقلا تۈرمىدىكى جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن مەھبۇسلار «قايتا تەربىيەلەش»كە ئەۋەتىلىشى مۇمكىن ئىدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ ئىككى سىستېمىنىڭ ئارىسىدىكى پاسىلىنىڭ مۈجمەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كەڭ كۆلەملىك

تۇتقۇن قىلىش قىلمىشىنى يوشۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەزى پاكىتلارمۇ مەۋجۇت. 2018 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقالدى (91). بۇ خەۋەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە، بۇ ھادىسە «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرىدىكى تۇتقۇنلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكىلىشى دېيىلدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر رايونىدىكى تۈرمىلەرگە پاتماي قالغان ئادەملەر يۆتكىلىۋاتقان بولۇشى، ياكى تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى، بۇ تەدرىجىي ھالدا نوپۇس كۆچۈرۈش بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

گەرچە ئۇيغۇر رايونىدا (لاگېرلاردا) تۇتۇپ تۇرۇلۇش بىلەن تۈرمىگە سولىنىش ئارىسىدا ماھىيەتلىك پەرقلەر بار بولسىمۇ، ئەمما دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ ئىككىلا خىل جازاغا دۇچار بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى پەۋقۇلئاددە كۆپەيتەك قىلىدۇ. بۇ مۇشۇ خىل قىسمەتكە دۇچار بولۇپ باقمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى قاتتىق چۆچۈتۈپ تۇرىدىغان ئامىل بولۇپ قالغاندى. ئۇ نامرات دېھقانلاردىن تارتىپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغىچە بولغان پۈتكۈل ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ھېس قىلىنغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن قورقۇنچ مۇھىتى ياراتتى. ئۇيغۇرلار بۇ قورقۇنچنى ھېس قىلدى. خاتا سۆزلەرنى دەپ قېلىش ياكى يېزىش، «چاتىقى بار» كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىش، «چاتىقى بار» كىتابلارنى ساقلاش ياكى «چاتىقى بار» ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق بىراۋنىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىغا ياكى تۈرمىگە سولىنىشىغا سەۋەب بولالايتتى. نەتىجىدە، مەزكۇر جازا ئاپپاراتلىرىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر خىتاي دائىرىلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئامالالارنى ئىشقا سالدى. ئەنە شۇ رەۋىشتە، لاگېرغا ياكى تۈرمىگە تاشلىنىش تەھدىتىنىڭ لاگېر سىرتىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىشتىكى ئەڭ قايىل قىلارلىق قورال ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، بۇنىڭغا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلغان، ھەممە يەرنى قاپلىغان كۆزىتىش ۋە باھالاش سىستېمىسى قوشۇلۇپ، بۇ نۇقتا تېخىمۇ گەۋدىلەندى.

## لاگېر سىرتىدىكى نازارەت ۋە «ئاشقۇنلۇق»نى ھېسابلاش پروگراممىسى

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ياكى تۈرمىگە تاشلاش تەھدىتى ئۇيغۇر دىيارىدا جازا ئاپپاراتلىرىنىڭ سىرتىدا قالغانلار ئۈچۈن، تەلتۆكۈس قورقۇنچ مۇھىتى ياراتتى. مەسىلەن، 2018 ـ يىلى يازدا نەق مەيدان تەكشۈرۈشى ئۈچۈن بۇ رايونغا بارغان خىزمەتداشلىرىم پەقەت «نازارەت قىلىنمايدىغان جاي»لاردىلا دوستلىرى بىلەن قىسقىچە سالام ـ سەھەت قىلىشالىغان بولسىمۇ، ھەرقانداق ناتونۇش

ئادەم بىلەن ماھىيەتلىك ئالاقە قىلالمىغان. ئەمەلىيەتتە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەممە ئادەم توختىماي ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ھالىتىدە ئىدى. چېن چۈەنگو پۈتكۈل رايوندا ئومۇملاشتۇرغان مۇرەككەپ كۆزىتىش ۋە باھالاش سىستېمىسى بۇ خىل سىجىل قورقۇنچ تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. ھەممىلا يەرنى قاپلىغان بۇ نازارەت سىستېمىسى، ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى، ئالاقىسىنى، بىئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە تارىخىنى بىر كونۇپكا ئارقىلىقلا ئىز قوغلاپ تەكشۈرەلەيدىغان «ئۈستى ئوچۇق پۈتۈن مەنزىرىلىك تۈرمە» بەرپا قىلغانىدى. «مۇھاپىزەتچى گېزىتى» 2017 ـ يىلى ئەتىيازدا ئوتتۇرىغا قويغاندەك، ئۇ «مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى» ئىدى (92).

جازا لاگېرلىرىنىڭ سىرتىدىكى كۆزىتىش سىستېمىسىنىڭ كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان نۇقتىسى ئۇنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق خاراكتېرى بولۇپ، ئۇ كىشىگە ئەكسىئۇتوپىيە (dystopia ـــ «غايىۋى دۆلەت»نىڭ، يەنى ئۇتوپىيەنىڭ زىتىدۇر، ت) تېمىسىدىكى ئىلمىي فانتازىيەلىك رومانلارنى ئەسلىتەتتى. گەرچە بۇ رايوندىكى ئېلېكترونلۇق كۆزىتىش تورىغا ئىشلىتىلگەن مۇرەككەپ ئۈسكۈنىلەر يېڭى بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر كۆزىتىش تورىنىڭ ھەقىقىي كۈچى ئۇنىڭ «بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە جەڭ قىلىش سۇپىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «بىر گەۋدىلەشكەن سۇپا» دېيىلىدۇ، ت) (IJOP) بىلەن بىرلىشىش مېتودىدىن كەلگەن. «بىر گەۋدىلەشكەن سۇپا»دا، مەزكۇر كۆزىتىش تورى توپلىغان ئۇچۇرلار ئاپتوماتىك ھالدا، كىشىلەرنىڭ خىتاينىڭ نەزىرىدىكى «ئاشقۇنلۇق»نىڭ تەسىرىگە ئۇچراش دەرىجىسىنى باھالايدىغان ھېسابلاش پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ (93). 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، بۇ رايوندىكى شەھەرلەردە، بىر ئادەمنىڭ «بىر گەۋدىلەشكەن سۇپا» ئارخىپىنىڭ كۆندە نەچچە قېتىملاپ تەكشۈرۈلۈشى مۇقەررەر ئىشقا ئايلاندى. ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغان تەكشۈرۈش پونكىتلىرىدا مەيلى كىملىك، يانفون، كۆز پەردىسى سكانىرى، يۈز سكانىرى ياكى بۇلارنىڭ بىرىكمىسى بولسۇن، مەلۇم شەكىلدىكى كىملىك تەكشۈرۈش تەلەپ قىلىناتتى. ئەگەر تەكشۈرۈلگۈچىنىڭ «بىر گەۋدىلەشكەن سۇپا» ئارخىپى گۇمانلىق دەپ بېكىتىلگەن بولسا، تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى خادىملار بۇنىڭدىن دەرھال ۋاقىپلىناتتى. مەسىلەن، 2020 ـ يىلى ئاشكارىلانغان، لاگېرغا سولانغان 311 نەپەر قاراقاش ناھىيەسىلىك كىشىنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بىر پارچە ھۆكۈمەت ھۆججىتىدە، ئۇلارنىڭ 38 نەپىرىنىڭ «بىر گەۋدىلەشكەن سۇپا»نىڭ (تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى خادىملارغا دەل ۋاقتىدا ئەۋەتكەن) مۇشۇ خىل «ئەسكەرتىشى» سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن (94). شۇنداقلا، تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى ساقچىلارغا يانفوننىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى تەكشۈرەلەيدىغان سكانىرلىغۇچ سەپلەپ بېرىلگەن بولغاچقا، بۇ تەكشۈرۈش پونكىتلىرى «بىر گەۋدىلەشكەن سۇپا»نى تېخىمۇ كۆپ سانلىق مەلۇمات توپلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. پەۋقۇلئاددە ئىلغار سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىسى ۋە چىراي تونۇش ئىقتىدارى سەپلەنگەن كۆزىتىش كامېرالىرىمۇ كوچىدا گۇمانلىق ئىشلارنى قىلغانلارنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق مۇشۇنىڭغا (يەنى تەكشۈرۈش پونكىتلىرىغا) ئوخشاش ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئاشخانا سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، قورال سۈپىتىدە ئىشلەتكىلى بولىدىغان ھەر قانداق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا چىپار كود (QR كودى) ئويۇلغان بولۇپ، چوقۇم ئىگىسىنىڭ نامىغا

تىزىملىتىلىشى كېرەك ھەم شۇ ۋەجىدىن، بۇ (يەنى كىمنىڭ قانداق «قورال» سېتىۋالغانلىقى، ت) ئۇلارنىڭ «بىر گەۋدىلەشكەن سۇپا» ئارخىپىدا كۆرۈنىدۇ.

ماھىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ساداقەتمەنلىكى ئىزچىل نازارەت قىلىنىدى ۋە باھالاندى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەر كوچىلىرىدىكى نازارەت قىلىش سالمىقى چوڭ تىپتىكى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىكىگە ئوخشاشلا ئېغىر ئىدى. ھالبۇكى، بۇ سىجىل كۆزىتىشنى بۇنچە قورقۇنچلۇق قىلىۋەتكىنى، لاگېرغا ياكى تۈرمىگە سولىنىش تەھدىتىدۇر. 2017 ـ يىلىدا ۋە 2018 ـ يىلىنىڭ كۆپ قىسمىدا بۇ رايوندا ياشىغان بىر ئۇيغۇر ماڭا بۇ قورقۇنچ تۇپەيلى، ئۆزلىرىنىڭ ھېچكىم بىلەن بىر قانچە ئېغىز سالام ـ سەھەتتىن ئارتۇق پاراڭلىشالمىغانلىقىنى ئېيتتى. گەرچە ئۇلار ئىزچىل قورقۇنچ ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھېچكىم بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلىشالمايدۇ، ھەتتا پەرىشان بولغانلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشتىنمۇ ھەزەر قىلىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش «گۇمانلىق» دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار مەھەللە كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرىنى دائىم «يوقلاپ» تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىدىن ئادەتلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى تولدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت جەريانىدا داۋاملىق باھالىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان) بۇ كىشى ھەر كۈنى كېچىدە «ئىشىكنىڭ چېكىلىشى»دىن ۋە ئېلىپ كېتىلىشتىن ئەنسىرەپ كېچىچە ئۇخلىيالمىغان. دەل مۇشۇ خىل قورقۇنچ تۇپەيلى، چەتئەلدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى 2017 ـ يىلى ئۇلاردىن ئۆزلىرى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلغان، ئالاقىنى ساقلىغانلارمۇ ھاۋارايىنى سوراش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى توغرىسىدا پاراڭلىشىدىغان، مۇرەككەپ «شىفىرلىق» ئۇسۇل قوللاندى.

بۇ خىل يۇقىرى تېخنىكىلىق كۆزىتىش يېزىلاردا ئۇنچە ئومۇملاشمىغان، ئەمما ئۆز نۇۋىتىدە كىشىلەرنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىش ۋاستىسى بولغان بۇ نەرسىلەر يېزىلار ئۈچۈن ئۇنچە زۆرۈرمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، 2013 ـ يىلىدىن باشلاپ، پارتىيە كادىرلىرى يېزىلارغا، بولۇپمۇ جەنۇبتىكى رايونلارغا ئەۋەتىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاشقۇن ياكى تېرورچى بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى باھالاش ئۈچۈن، ئۆيمۇئۆي تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى دوكلات قىلغان. بۇ ۋەزىپىلەرگە ئىشتىراك قىلغان خىتايلارنىمۇ، تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولغان ئۇيغۇرلارنىمۇ زىيارەت قىلغان دەرىن بايلېرغا كۆرە، گەرچە بۇ ھەرىكەت پارتىيە ياردىمى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ بارلىق ئىشتىراكچىلارغا ئىنتايىن ئېغىر بېسىم ئېلىپ كەلگەن (95). «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ كادىرلار 2016 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلاردىكى 24 مىليون ئۇيغۇر ئائىلىسىنى زىيارەت قىلغان ۋە 33 مىليون قېتىم زىيارەت ئېلىپ بارغان (96). ئەنە شۇ رەۋىشتە، بۇ پروگراما چوقۇم رايوندىكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنى قىممەتلىك سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە دائىرىلەرمۇ شۇ سەۋەبلىك 2018 ـ يىلى بۇ پروگراممىنى كۆرۈنەرلىك زورايتىپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە كادىرىنى «قوشماق تۇغقان» ئائىلىلەرگە ئەۋەتكەن. بۇ كادىرلار چوقۇم ئۇلار (يەنى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن بولغان «قوشماق تۇغقان»لىرى) بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىللە ياشىشى كېرەك بولۇپ، ھەتتا بەزىدە ھەر ئايدا بىر ھەپتە شۇلار بىلەن بىللە تۇراتتى (97). گەرچە بۇ كادىرلار ئۇيغۇر «قوشماق تۇغقان» ئائىلىلىرىنىڭ ئىچىدا «تۇغقان»لىق سۈپىتىدە

تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئالاقىدىكى تەبىئىي كۈچ مۇناسىۋىتى، ئۇلارنى («تۇغقان»دىن بەكرەك) ئائىلە باشلىقىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

بۇ كادىرلارنىڭ ۋەزىپىسى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش بولۇپ، ئۇلار ئائىلە ئادىتى ۋە پوزىتسىيەسى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى توپلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى «توغرا» ھەرىكەت قىلىشقا ۋە بالىلىرىنى توغرا تەربىيەلەشكە «يېتەكلەيتتى». بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر پروگرامما ھەم كۆزىتىش سىستېمىسىنىڭ، ھەم خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى تەلتۆكۈس ئاسسىمىلياتسىيە مۇجادىلىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇ بىر ئائىلىدە يېتىپ - قوپۇش يېقىنچىلىقى شەھەر - بازارلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ۋە رەھىمسىزلەرچە ئېلېكترونلۇق نازارەت قىلىنىشىغا ئوخشاشلا ــــ ھەتتا تېخىمۇ ئېغىر ــــ قورقۇنچقا سەۋەب بولغانىدى. بايلىېرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان، ئىلگىرى ئۆز ئۆيىگە «تۇغقان» بولۇپ كەلگەن پارتىيە كادىرلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم باردى - كەلدى قىلىپ باققان بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، كىشىلەر ھەمىشە «خاتا ئىش ياكى خاتا گەپ قىلىپ قالسام، لاگېرغا سولىنىمەن» دېگەن ئەندىشە ئىچىدە ياشايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلار كادىرلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىپ، «ئىختىيارى» رەۋىشتە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەشكە مەجبۇر.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى بۇ كەڭ كۆلەملىك كۆزىتىشنىڭ كۈچى ــــ بولۇپمۇ بۇنىڭغا لاگېرغا سولىنىش ئەندىشىسى قوشۇلغاندا ــــ قوش قاتلاملىقتۇر. بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلارغا سىڭدۈرۈلگەن قورقۇنچ ئەمەلىيەتتە بۇ مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزئارا ئىشىنىشمەسلىك پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ كىملىكى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي كاپىتالنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇ مەيلى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ھېيت - بايرام ياكى باشقا ئىجتىمائىي يىغىلىشلار بولسۇن، ئۇيغۇر كۇلتۇرىنىڭ جەۋھىرىنى تەشكىل قىلىدىغان كوللېكتىپ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئەركىن ئىشتىراك قىلىش پۇرسىتىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ مەزكۇر رايوندىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە مۇجادىلىسىگە قارشى تۇرالماس قىلىۋېتىدۇ. ماھىيەتتە، ئۇ ئۇيغۇرلارنى پارتىيە تەرغىب قىلغان ھەر قانداق ئىشقا قاتنىشىش - قاتناشماسلىق ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، چۈنكى قاتناشماسلىق قىلمىشى دىققەتنى تارتىدۇ ۋە لاگېرغا ياكى تۈرمىگە تاشلىنىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

## ئانارنىڭ دانىسى: ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش ۋە ئالماشتۇرۇش

بۇ خىل ئەھۋالدا، خىتاي بىز بىلگەندەك ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئوچۇق ـ ئاشكارە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى بىمالال ئىجرا قىلالايتتى. گەرچە بۇ سىياسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى جازا لاگېرلىرىدىكى زوراۋانلارچە مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيەدەك ياكى مۇداخىلىچى كۆزىتىش ۋە باھالاش سىستېمىسىدەك گەۋدىلىك بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۈچى مۇشۇ رەھىمسىز تەدبىرلەر ئېلىپ كەلگەن تەھدىتتىن مەنبەلەنگەنىدى. بۇلار بىرلىكتە ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا دۆلەتكە تېخىمۇ ياقىدىغان ۋە خىتايلار ھۆكۈمران ئورۇندىكى جەمئىيەتكە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان سىستېمىلىق ئۇرۇنۇشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. خىتاي **2014** ـ يىلى ئاتالمىش «ئاشقۇنلۇق»نىڭ مەنبەسىنىڭ ئۇيغۇر كۇلتۇرىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى تونجى قېتىم بېكىتكەندىن ئېتىبارەن، بۇ ئاسسىمىلياتسىيە ئىستراتېگىيەسى ئىزچىل ھالدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئۇرۇنۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. شى جىنپىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق «شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى»دا ئېيتقىنىدەك، خىتاي كومپارتىيەسى «تېررورلۇق»نى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم مەزكۇر رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ «بىرلىشىشى»نى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى «ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتۇرۇشى» كېرەك ئىدى **(98)**.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش توغرىسىدىكى بۇ بۇ ئوخشىتىش پارتىيە تەشۋىقاتلىرىدا كەڭ ئورۇن ئالدى، ئەمما تاكى **2017** ـ يىلىغىچە، كۆپىنچە ئۇيغۇرلار ئانارنىڭ دانىسىغا ئايلىنىشنى رەت قىلىپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، **2017** ـ يىلىدىن كېيىن، كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش ۋە لاگېرغا سولىنىش تەھدىتى سەۋەبلىك، بۇ جەھەتتىكى قارشىلىق بىھۇدە بولۇپ قالدى. گەرچە بۇ ئاسسىمىلياتسىيە ھەرىكىتى جەمئىيەتنى ھايات ـ ماماتلىق تەھدىتتىن قوغدايدىغان «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» دەپ تەبىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىجرائاتى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ئەۋجىگە چىقىرىلغان، بەلكىم ئاخىرقى باسقۇچىدەك قىلاتتى. ئۇ مەزكۇر مۇستەملىكىچىلىكنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەنزىرىسىنى ۋە مىللىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

# ئۇيغۇر دىيارىنى (شەرقىي تۈركىستاننى) ئۆزگەرتىش

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تەرەققىيات ئورۇنلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر رايونىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئورۇنلىشىشلار يەنىلا ئۇيغۇرلارغا ئۆز يۇرتىدا ئۆز ئىزنالىرىنى قالدۇرۇش ئۈچۈن مۇئەييەن بوشلۇق قالدۇرۇپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، 2017 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ خىل بوشلۇق تېزلىكتە تارىيىپ، ئەمدى بۇ خىل ئىزنالارغا يول قويۇلمايدىغاندەك قىلاتتى. بەلكىم بۇ رايوننى «بىر بەلۋاغ، بىر يول تەشەببۇسى»دىكى سودا مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش پىلانى سەۋەبلىك بولسا كېرەك، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ ئاخىرقى «ئۇيغۇرلۇق» ئىزنالىرىنى يوقىتىۋېتىش تەخىرسىزلەشكەندەك قىلاتتى. بۇ دىنىي ئورۇنلارنى چېقىۋېتىش، قەبرىستانلىقنى ۋەيران قىلىش، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلمىغان يېڭى قۇرۇلۇش ئۆلچىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

بۇ ئورۇنلاشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىنىڭ نامايەندىلىرىنى يوقىتىشقا چېتىشلىق بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ دىنىي تەرەپلىرىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. بۇ مەسچىت مۇنارلىرىدىكى ھىلال ئاي بەلگىسىنى يوقىتىش بىلەن باشلىنىپ، مەسچىتلەرنىڭ ئىشلىتىلىش مۇددىئاسىنى ئۆزگەرتىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرىدا بۇ مەسچىتلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى بىلەن نەتىجىلەندى. «مۇھاپىزەتچى گېزىتى» ۋە «Bellingcat» سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرىگە تايانغان ئاساستا بىرلىكتە تاماملىغان تەكشۈرۈش دوكلاتىدا بايقىلىشىچە، 2016 ـ يىلدىن باشلاپ كەم دېگەندە 31 مەسچىت ۋە ئىككى تاۋاپگاھ قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي چېقىۋېتىلگەن (99). ھالبۇكى، «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ يېقىنقى دوكلاتىدا، بۇ مەزگىلدە قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي چېقىۋېتىلگەن مۇقەددەس ئورۇنلارنىڭ سانىنىڭ يۈزدىن ئاشىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى (100). «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ دوكلاتىدا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن مەسچىت ۋە ئورۇنلار كىچىك مەھەللە مەسچىتلىرى بولۇپ، ئۇلارنى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەر بىلەن خاتىرىلەش يەنىلا قىيىن ئىدى، ئەمما ھەر ئىككى مەنبە قاغىلىق ۋە كېرىيەدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە چوڭ مەسچىتلەرنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. بۇ خىل مەسچىتلەر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دىنىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ كۆلتۈرەل تارىخىنىڭ بىر قىسمى ھەمدە مۇئەييەن شەھەر ياكى بازارلارنىڭ ئۇيغۇرچە خۇسۇسىيىتىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلاتتى.

ھالبۇكى، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بۇ چوڭ مەسچىتلەرنىڭ چېقىۋېتىلىشىدىنمۇ بەكرەك كىشىنى تەشۋىشلەندۈرىدىغىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، سوپى ماشايىخلارنىڭ مازارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم تاۋاپگاھلارنى چېقىۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەردۇر. كۆپىنچىسى ئاساسلىق نوپۇس مەركەزلىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان مەزكۇر تاۋاپگاھلار ئۆزىنىڭ دىنىي ئەھمىيىتىدىن سىرت، ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ زېمىن (شەرقىي تۈركىستان) بىلەن بولغان باغلىنىشىغا نىسبەتەن ئىنتايىن

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. كېچىككەندىمۇ 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ تۈرمىگە ياكى لاگېرغا سولانغان ئۇيغۇر ئىنسانشۇناس راھىلە داۋۇت بۇ ئورۇنلارنىڭ كۇلتۇرەل ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بۇ ... تاۋاپگاھلار چېقىۋېتىلسە، ئۇيغۇرلار بۇ زېمىن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يوقىتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي، كۇلتۇرەل ۋە مەنىۋى تارىخى يوق بولىدۇ؛ (بۇلار يوقىتىلغاندىن كېيىن) بىر قانچە يىلدا، بىز نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ياشايدىغانلىقىمىزنى ياكى ئۆزىمىزنىڭ قەيەرگە تەۋە ئىكەنلىكىمىزنى ئەسلىيەلمەس بولىمىز» (101).

سوپى ماشايىخلىرىنىڭ مازارلىرى ۋەيران قىلىنغاندىن باشقا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بىر پۈتۈن قەبرىستانلىقلارنى ياۋايىلارچە ۋەيران قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ھەتتا ئۆلۈكلەرنى قايتا دەپنە قىلىشمۇ ئۇلارغا خوشياقمىغان. بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىغا كۆرە، بۇ رايوندىكى ئوتتۇز ئۇيغۇر قەبرىستانلىقى پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ، يېڭى قۇرۇلۇش قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ قىلمىشلار ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەسلىمىسىگە قىلىنغان بىھۆرمەتلىك بولغاندىن سىرت، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يەرلىك ختاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بۇ زېمىن (شەرقىي تۈركىستان) ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى باشقىچە ئۇسۇلدا ئۆزگەرتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

دىنىي ساھەدىن سىرت، شەرقىي تۈركىستاندىكى ختاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبتىكى يېزىلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئاكتىپ كۈچەۋاتقانلىقىغا ئائىت پاكىتلار مەۋجۇت. تىموسى گىروزنىڭ (Timothy Grose) ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ «يېڭىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش»، «يېڭىچە كەيپىيات يارىتىش» ۋە «يېڭى تەرتىپ بەرپا قىلىش»دىن ئىبارەت «ئۈچ يېڭى» ئارقىلىق ئۇيغۇر كەنتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان تېخىمۇ چوڭ سىياسەتنىڭ بىر قىسمىدۇر (102). گەرچە بۇ پروگراممىا ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگەرتىشكە زور دەرىجىدە مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مۇجادىلىدىكى «يېڭىچە كەيپىيات» قىسمى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ مەنزىرىسى ۋە تۇرالغۇلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەركەزلەشكەنىدى. گىروزنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ ھەرىكەتنىڭ بىر قىسمى ئۆيلەرنى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر بىناكارلىق ئېلېمېنتلىرىدىن خالىيلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ختايچە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالمىش «زامانىۋى» ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۆيلەرنى سېلىشقا مەركەزلەشكەن (103). ئولتۇراق ئۆي ـ مۈلۈكلەردىكى ئۆزگىرىشلەردىن يەنى بەزىلىرى شۇلاردۇر: نۇرغۇن ئۆيلەردىكى مەككىنىڭ يۆنىلىشنى، يەنى كىشىلەرنىڭ نامازدىكى قىبلە يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مېھراب يوقىتىۋېتىلگەن؛ ئەنئەنىۋى سۇپا كارىۋاتلار چېقىپ تاشلانغان؛ ئەنئەنىۋى ئۆي جاھازلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تاماق ئۈستىلىنىڭ ئورنىغا «زامانىۋى» ئۆي جاھازلىرى ئالماشتۇرۇلغان (104). گەرچە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياخشى نىيەتلىكتەك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ خىل بىناكارلىق ئۆزگىرىشلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش بوشلۇقى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى مەنتىقىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. «يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» زاۋۇتى پروگراممىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ ئۆزگەرتىش ئۇيغۇر دىيارىدىكى يېزىلارنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش غەرىزىدىن دېرەك بېرەتتى.

# مىللىي قۇرۇلما ئۆزگىرىشى: تىنىمسىز ئۆزگەرتىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار

ئەگەر ئۇيغۇر دىيارىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى ئۆزگەرتىش مۇجادىلىسى بۇ زېمىندىكى دىنىي نامايەندىلەرنى يوقىتىشنى، تېخىمۇ كەڭ مەنىدە ئۇيغۇرلار بىلەن بۇ زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ مىللىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشى تېخىمۇ ئاشقۇن ئىدى. نۇرغۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خىتاي ئېلىپ بارغان كۇلتۇرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يادرولۇق نىشانى ئىدى، شۇنداقلا ئۇ پۈتكۈل خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە (خىتايدىن باشقا مىللەتلەردىكى) مىللىي كۇلتۇرەل خۇسۇسىيەتلەرنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياستى»نىڭ تېخىمۇ كەڭ نىشانىغا ماس كېلەتتى. بۇ مەجبۇرىي ئاسسىمىلىياتسىيەنىڭ كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرىدا ئۇيغۇر ئېڭىنىڭ زوراۋانلارچە ئۆزگەرتىلىشى ۋە كەڭ كۆلەملىك كۆزىتىش سىستېمىسى سەۋەبىدىن، شەخسلەرنىڭ كۇلتۇرەل ئۆزگىچىلىك جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا مەجبۇرلانغانلىقى قاتارلىق بەزى تەرەپلىرى يۇقىرىدا مۇلاھىزە قىلىنغان ئىدى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى «زامانىۋىلاشتۇرۇش» ۋە «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش»نى ئىلگىرى سۈرۈش دەپ ئاتىۋالغان باشقا بىر يۈرۈش مۇجادىلىلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئىلگىرى سۈردى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، يېزا ئۇيغۇرلىرىغا ئالاقىدار خىلمۇخىل مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىلىرى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. لېكىن، شۇنىمۇ قىستۇرما قىلىش زۆرۈركى، گەرچە ئۇ خىتاي تەرىپىدىن «ئىختىيارىي» دېيىلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئۇنى ھېچ بولمىغاندا لاگېرغا سولىنىش خەۋپى ئاستىدا «مەجبۇرلانغانلىق» دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ بىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، دىنىنى سۆكۈشكە ھەمدە خىتاي كۇلتۇرى ۋە قىممەت قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا مەجبۇرلاش ئارقىلىق يېزا جەمئىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى تەپەككۇرنى ۋە مەھەللىۋى قىلمىشلارنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغان «ئۈچ يېڭى» ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ئۇرۇنۇشلار پارتىيە كادىرلىرىدىن بولغان «تۇغقانلار» ئارقىلىق بىۋاستە كۈچەيتىلگەن بولۇپ، مەزكۇر پارتىيە كادىرلىرى مەھەللىلەرگە سىڭىپ كىرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىلىرىنى ئېيتىش، بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ۋە خىتايلارنىڭ بايراملىرىنى تەبرىكلەش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە (يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە) قاتنىشاتتى. گەرچە بۇ خىل ئۇرۇنۇشلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بەكلا ئومۇملاشقان بولۇشى، شۇنداقلا بەزىدە «دۆلەت بىخەتەرلىك تەربىيەسى» دەپ ئاتىلىدىغان پائالىيەتلەر ئارقىلىق رايون مىقياسىدا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن بولۇپ، بۇ ھەتتا «دۆلەت بىخەتەرلىك تەربىيەسى كۈنى» بايرىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 2018 ـ يىلىدىكى «دۆلەت بىخەتەرلىك تەربىيەسى كۈنى»دە، رايوندىكى 12

مىڭدىن ئارتۇق مەھەللىدىكى **10** مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە بايراق چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە «گۇمانلىق قىلمىش» لارنى پاش قىلىش توغرىسىدا لېكسىيە ئاڭلىغان **(105)**. گەرچە بۇ پائالىيەتلەر ئۇلارغا نىسبەتەن ياخشى نىيەتلىك «نومۇر كۆرسىتىش» خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يېزا ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن، تەدرىجىي ھالدا ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىگە ئوپئوچۇق زىت بولغان قىلمىشلارغا قاتنىششىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ پارتىيە كادىرلىرىدىن بولغان «تۇغقانلىرى» تەرىپىدىن ھاراق ئىچىشكە ياكى تاماكا چېكىشكە، ياكى دەرىن بايلىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، **2019** ـ يىلى قەمەرىيە يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە، «چوشقا يىلى»نىڭ «شەرپى» ئۈچۈن چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇرلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ **(106)**. ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا، بۇ پائالىيەتلەرگە قاتنىششنى رەت قىلغۇچىلارغا دەرھال ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن «ئاشقۇنلۇق» خاھىشى بار دەپ قالپاق كىيگۈزۈلۈشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى كىشىنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلىدىغان ھەرىكەت ئۇيغۇر رايونىدىكى مائارىپ سىستېمىسىغا چېتىلىدۇ. گەرچە بۇ رايوندىكى مەكتەپلەر **2000** ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپلا خىتاي تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، **2017** ـ يىلىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىر ئوچۇم ئەڭ ئەقىللىق ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدىغان مائارىپ ئەندىزىسى بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارنى چەتكە قاقىدىغان بىر يول تېپىشقا تۇرتكە بولدى. خىتايدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ۋە كەسپىي جەھەتتىكى ئىستىقبالىمۇ ئۇلارنىڭ سەككىزىنچى سىنىپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەيدىغان مەملىكەتلىك ئىمتىھاندىكى ئىپادىسىگە باغلىق ئىدى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر ئۆلچەملىك، ئىلمىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىدا تەربىيەلەنسە، ئۆتەلمىگەنلەر كەسپىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىلەتتى. گەرچە پۈتۈنلەي خىتايچە ئوقۇتۇشقا ئۆتۈش ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھانلارنى خىتايچە بېرىشنى، خىتاي تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنى خىتاي جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان ئېتىبار سىياسىتى ئۆزۈندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئەللىك نومۇر قوشۇپ بېرىۋاتقانىدى. **2017** ـ يىلى، بۇ «ئېتىبار» **15** نومۇرغا چۈشۈرۈلگەچكە، ئۆلچەملىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئازايدى **(107)**.

نەتىجىدە، ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر رايونىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى خېلى بەكلا ئارتىپ، (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە) قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاسسىمىلياتسىيە مۇھىتىغا بەند قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر رايونىغا جايلاشقان بولغاچقا، قوبۇل قىلىنغان يېزىلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار چوقۇم ياتاقتا يېتىپ ئوقۇشى كېرەك ئىدى، بۇمۇ ئۇلارنى ئۆز كۇلتۇرى ۋە تىلىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇراتتى **(108)**. قوبۇل قىلىنمىغانلارغا كەلسەك، ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا «يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» پروگراممىسى ۋە «قايتا تەربىيەلەش»نىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلغان نۇسخىسى ئارقىلىق تۈتۈپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى مەجبۇرىي ئەمگەك سىستېمىسىغا ئەۋەتىلىدۇ؛ ياكى خىتاي ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى چوڭ زاۋۇتلاردا بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، بىر تەرەپتىن «قايتا تەربىيەلىنىش»كە ئەۋەتىلىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ قايسى يولغا كىرگۈزۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ سىستېمىدا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنىڭ ئۇيغۇر كۈلتۈرىگە باغلىنىش دەرىجىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭكىگە قارىغاندا خېلىلا تۆۋەن بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

هالبۇكى، ئاتا ـ ئانىسى لاگېرغا سولانغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش جەھەتتىكى غەرەزلىك رولى كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدۇ. لاگېرلارغا سولانغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئەمەلىيەتتە مەجبۇرىي هالدا ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئۆزۈندىن بۇيان ئىزچىل هالدا كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى ۋە كۈلتۈرەل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ كەلدى. ئاتا ـ ئانىسى بىردەك «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرلىرىغا سولانغان بالىلار ئۈچۈن ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. گەرچە بۇ بالىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ داۋاملىق تۇردە (دۆلەت قارىمىقىدىكى يېتىمخانىلاردا ئەمەس، ت) ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن بېقىلىۋاتقانلىقىغا ئائىت پاكىتلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى (يېتىمخانا دېگەندەك) ئاپپاراتلاردا چوڭ بولۇۋاتقانلىقىغا ئائىت نۇرغۇن پاكىتلار ھەم مەۋجۇت.

ئادرىيان زېنز بۇ تېمىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، چىن جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنى تەسىس قىلىشتىن ئىلگىرىلا، كەڭ كۆلەملىك ئەۋلادلار ئارا ئايرىۋېتىشنى پىلانلىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بايقىدى. زېنزنىڭ بىلدۈرۈشىچە، چىن جۇڭگو ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تۇنجى ئايدىلا، بىر يىل ئىچىدە ئۇيغۇر رايونىدىكى بالىلار ئۈچۈن يەسلى مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى تۈزگەن (109). هالبۇكى، مەزكۇر پىلانىنىڭ 2017 ـ يىلى، يەنى كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش باشلانغان يىلى رەسمىي يولغا قويۇلۇشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. 2017 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، هۆكۈمەت 562 مىڭ 900 يېڭى ئوقۇغۇچىغا مۇلازىمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان 4377 يەسلى ــ بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدا ــ قۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ يەسلىلەرنىڭ 2017 ~ 2018 ـ ئوقۇش يىلى باشلىنىشتىن ئىلگىرى تاماملىنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا مۆھلەت بەلگىلەنگەنىدى (110). گەرچە بۇ نىشان قارىماققا سەل چوڭ بېكىتىلىپ قالغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 2017 ~ 2018 ـ ئوقۇش يىلىدا، يەسلىگە ئېلىنغان بالىلارنىڭ سانى بۇ نىشاندىن خېلىلا كۆپ بولغان. گەرچە 2017 ـ يىلى كۈزدە بۇ رايوننىڭ يەسلىلەرگە ئومۇمىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىشانى تەخمىنەن بىر مىليون بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي ئوقۇغۇچى سانى 1 مىليون 400 مىڭغا يېقىنلاشقان (111). ئۇنىڭدىن باشقا، زېنزنىڭ بىلدۈرۈشىچە، يەسلى يېشىدىكى بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېلى زور قىسمى ئىنتايىن كىچىك ياشتىلا (مەسىلەن، ئىككى ـ ئۈچ ياش دېگەندەك، ت) ياتاقلىق ئاپپاراتلارغا بەند قىلىنىدىكەن.

گەرچە يەسلىگە قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ سانىنىڭ بۇنچە كۆپ بولۇشىغا لاگېرلارغا سولانغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى سەۋەب بولغانلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمىسىمۇ، بۇنى (يەنى يەسلىگە ئېلىنغانلارنىڭ سانىنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇ قەدەر كۆپىيىپ كېتىشىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان مۇۋاپىق باشقا سەۋەبلەر يوقنىڭ ئورنىدا. ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولسا، بۇ بالىلار «قايتا تەربىيەلەش»نى «پۈتتۈرگەن»دىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلمىگەن تەقدىردە، ئىزچىل دۆلەتنىڭ «هامىي»لىقىدا بولىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن

جەم بولۇش ـ بولالماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ باللار دۆلەتنىڭ «ھامىي»لىقىدا، خىتاي باللار سىپىتىدە، خىتاي تىلى مۇھىتىدا، دۆلەت تەرىپىدىن «ئۆلچەملىك» دەپ قارالغان خىتايچە بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىدا تەربىيەلىنىدۇ. گەرچە بۇ باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى «قايتا تەربىيە»لىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي بۇ باللارنىڭ دۆلەت ۋە پارتىيە تەرىپىدىن بېقىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ماختاپ ئۇلۇغلىدى. مەسىلەن، زېنز خوتەندىكى چوڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرىغا يېقىن جايدىكى بىر يەسلى توغرىسىدا توختالغان بىر پارچە ھۆكۈمەت دوكلاتىنى نەقىل قىلغان بولۇپ، مەزكۇر دوكلاتتا باللارنىڭ مەكتەپتە «يېيىش ۋە ياشاش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنغانلىقى، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ بولسا (لاگېردا) « غەم ـ ئەندىشىسىز ئۆگىنىش» قىلىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، بۇ رايوندىكى مائارىپ سىستېمىسى بارغانسېرى كېيىنكى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنى «ئىسلاھ قىلىش»قا مەركەزلەشكەندەك قىلاتتى، چۈنكى بۇ رايونمۇ كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك باسقۇچىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئاتا ـ ئانىلارنى تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق باللارنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش، ئاياللارنى ئىشلەشكە ۋە شۇ ئارقىلىق باللىرىنى دۆلەت قارمىقىدىكى يەسلىلەرگە ئاپىرىشقا مەجبۇرلاش، شۇنداقلا مائارىپنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ياتاقلىق مەكتەپلەرنى كېڭەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ مىساللىرىغا نە قەدەر ئوخشايدىغانلىقىنى دەپ يۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئەلۋەتتە.


تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاخىرقى تەرىپى بۇ رايوندىكى مىللەتلەرئارا مەجبۇرىي تويلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. شەكلەن ئېيتقاندا، بۇ ھەرىكەت ئوخشىمىغان مىللەتتىن بولغان قىز ـ يىگىتلەرنى تويلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرى بىلەن باشلانغان. بۇ خىل رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 2014 ـ يىلىدىن تارتىپلا مەۋجۇت بولۇپ، ئەينى چاغدا شى جىنپىڭنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى مىللەتلەرنىڭ «ئارىلىشىشى» ۋە «ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشى»نىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا جار سېلىشى سەۋەبلىك، پۇل بېرىش ۋە باشقا شەكىللەردە بۇ خىل تويلىشىشنى رىغبەتلەندۈرىدىغان تەدبىرلەر يولغا قويۇلغانىدى. 2017 ـ يىلى بۇنىڭغا يېڭى رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرى قوشۇلۇپ، مىللەتلەرئارا (تېخىمۇ ئېنىقراقى، خىتايلار بىلەن يەرلىك مىللەتلەرئارا، ت) تويلاشقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەش ئىمتىھانىدا يىگىرمە نومۇر قوشۇپ بېرىلىدىغان بولدى، بۇ ئۇيغۇرلارغا قوشۇپ بېرىلىدىغان 15 نومۇردىن يۇقىرى ئىدى (113). بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇر رايونىدىكى مەۋجۇت تويلىشىش شارائىتى تەبىئىي ھالدا خىتاي ئەرلەر بىلەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تويلىشىشىغا تۈرتكە بولىدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، خىتايدىكى بىر پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتى تۈپەيلى، خىتاي قىزلىرى قىس ئىدى، ئۇيغۇر دىيارىدىمۇ لاگېرلارغا ۋە تۈرمىلەرگە سولاش سەۋەبلىك، ئۇيغۇر ئەرلىرى قىس ئىدى. گەرچە مەزكۇر خىلمۇخىل رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرى بەزى خىتاي ئەرلەرنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن توي قىلىش ئىستىكىنى قوزغىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك دۈشمەنلىكنى نەزەردە تۇتقاندا، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇر قىزلىرى خىتايلارغا ياتلىق بولۇشنى خالىمايتتى.

هالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆرۈنۈشتە «ئىختىيارىي» ياكى «رىغبەتلەندۈرۈش» ئاساس قىلىنغان باشقا ئاسسىمىلىياتسىيە سىياسەتلىرىگە ئاۋاز قوشقىنىدەك، (قىسمەن) ئۇيغۇرلارنىڭ 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، «مىللەتلەرئارا تويلىشىش»نىدىكى ھەقىقىي سەۋەبمۇ شۇنىڭغا مەجبۇرلانغانلىقى ئىدى. بولۇپمۇ، «مىللەتلەرئارا تويلىشىش» مەسىلىسىدىكى مەجبۇرلىنىش ئالاھىدە ئېغىر ئىدى. بىرىنچىدىن، ختاي ئۇيغۇر رايونىدا مىللەتلەر ئارا تويلىششىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. ھەتتا ختاي ئەرلەرنى بۇ رايونغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆزگىچە گۈزەللىكى ۋە كۆيۈمچانلىقىنى تەشۋىق قىلدى (114). ئىككىنچىدىن، تېخىمۇ مۇھىمى، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) مەۋجۇت شارائىتتا، ختاي ئەرلىرىنىڭ توي تەلىپىنى رەت قىلىش ئۇيغۇر قىزلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. مەسىلەن، 2015 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان، لاگېرغا ۋە تۈرمىگە سولىنىشنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدىكى «ئاشقۇنلۇقنى تونۇش نىزامنامىسى»دە باشقىلارنىڭ غەيرىي مىللەت ياكى ئېتىقادتىكىلەر بىلەن توي قىلىشىنى چەكلەشنىڭ «ئاشقۇنلۇق»نىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭلاشقا، ئەگەر ئۇيغۇر ئاتا ـ ئانىلار قىزىنى ختايلارغا ياتلىق قىلغىلى ئۇنىمىسا، بۇ ئاپتوماتىك ھالدا لاگېرغا ياكى تۈرمىگە سولىنىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر بىر ئۇيغۇر ئايال ختايلارنىڭ توي تەكلىپىنى رەت قىلسا، ئۇ ۋە ئاتا ـ ئانىسى لاگېرغا ياكى تۈرمىگە تاشلىنىشى مۇمكىن. دەرۋەن بايلىيرنىڭ بىر ئۇيغۇر ئايال بىلەن مۇشۇ تېمىدا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، نۆۋەتتە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاياللار ختاي ئەرلەر بىلەن توي قىلىشنى خالىمايدۇ، (ئەگەر ختايلار تەرىپىدىن توي تەكلىپى قويۇلغان تەقدىردە، ت) ئۇلار پەقەت ئىمكانىقەدەر بۇ جەرياننى كېچىكتۈرۈشنى ئويلايدۇ. ئوخشاشلا، بۇمۇ تارىختىكى باشقا كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى مۇھىتى بىلەن روشەن ئوخشاشلىققا ئىگە.

(داۋامى كېينكىساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا قارالسۇن.



# نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف

ئۇيغۇر كۆكئارت

# ئۇيغۇر بالىسى — نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت

ئۇيغۇر كۆكئارت

**نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت يۇكسەك ئىستېداتقا ئىگە ئالىم، تالانتلىق شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيە ۋە مائارىپ تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە زامانىۋى ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئالتۇن سەھىپىلىرىگە يېزىلىشقا تېگىشلىق زور تۆھپىلىرى باردۇر.**

**تارىخچى، شائىر ۋە جەمئىيەت ئەربابى بولۇپ تونۇلغان نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت 1887 ـ يىلى ھازىرقى ئالماتا ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇر ناھىيىسىگە قاراشلىق غالجات يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇسەمەت 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە ئەۋج ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق قوزغىلىڭىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئىدى. مۇستەقىل ئىلى سۇلتانلىقى رۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، 1890 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن كۆچتە ئۇ ئائىلىسى بىلەن يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان.**

**نەزەر غوجا ئائىلىسى ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە بولۇپ نەزەر غوجىنىڭ تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. دادىسى ئابدۇسەمەت ئۇنى مولللارغا بېرىپ ئوقۇتقان، تارىخىي ۋەقەلەر، ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇيغۇر تارىخىدىن خەۋەردار قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپ ئوغلىنىڭ قەلبىدە ئانا يۇرتىغا كۈچلۈك مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان. شۇڭا، نەزەر غوجا بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم ھەققىدىكى قوشاقلارنى يادلىۋالغان. ئۇ مەكتەپكە كىرىپ رۇس تىلىنى تىرىشىپ پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. ئۇ ئالمۇتادىكى زاۋۇت مەكتىپىدە بىر يىلغا يېقىن ئوقۇغاندىن كېيىن، بىلىم تەشنالىقىنى تېخىمۇ قاندۇرۇش ئۈچۈن تاتارىستاندىكى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بارغان، كېيىنرەك مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن رادلوف، مالوفتەك ئالىملار بىلەن خەت ئالاقىسى قىلىپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپلىگەن ئۇچۇرلارنى ئىگىلىگەن. يالقۇنلۇق ئىنقىلابچى ئابدۇللا روزىباقىيوۋ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. ئۇلار بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلىگەن، قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن.**

**20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق كىشىلەرلا بىلىدىغان ۋە بىر قىسىم يەرلەردە پەقەت قەبىلە ۋە ئۇرۇق نامىنىلا بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولۇپ قالغان ئىدى.**

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت ئۆزىنىڭ 1914 ـ يىلىدىن تارتىپ ئېلان قىلىشقا باشلىغان ئەسەرلىرىدە تارىم ۋادىسى ۋە ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان تارانچى ۋە ئالتەشەھەرلىك ۋە ياكى قەشقەرلىق دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلى ئېتنىك مەنبەسى ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر دېگەن مىللەت نامىدا ئاتىلىشى زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن.

1919 ـ يىلى، 2 ـ فېۋرالدا ئالمۇتىدا توققۇز ئۇيغۇر ياش تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ئۇيغۇر جەمئىيىتى» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكى ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە باشلامچىلىق ۋە ئاساسچىلىق رولىنى ئوينىغان. «ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ يادرولۇق ئەزالىرى كوممۇنىزم مەپكۇرىسىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردا مىللىي ئىدىيە يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. ئۇلار مىللىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى تىكلىمەكچى ۋە لېنىنىزمنىڭ «مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى» شوئارى ئاستىدا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانىدى. ئۇلارنىڭ غايىسى ئازاد ۋە سوتسىيالىستىك «ئۇيغۇرىستان» قۇرۇش بولۇپ، رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستاندا ۋە خىتاي مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان «تارانچى» ۋە «ئالتەشەھەرلىك»لەرنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆزئارا ئايرىمچىلىقنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى ئورتاق مىللىي ئىدىيە، ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە ئورتاق سىياسىي كىملىك بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن تۈركىستان ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈركىستان كومىسسىيىسىمۇ ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش لايىھەسىنى تۈزگەن ئىدى. ئەنە شۇ پروگراممىلارنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 1921 ـ يىلى، 6 ـ ئايدا تاشكەنت قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتى.

بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇر مىللىي روھى ۋە «ئۇيغۇرىستان» ئاتالغۇسى كۆپلەپ تەرغىپ قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر شائىرلىرى، تارىخچىلىرى، سىياسىيونلىرى بۇ ئاتالغۇ ۋە مەزكۇر تېمىغا كۆپ مۇراجىئەت قىلدى. بولۇپمۇ، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ۋە ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى، شېئىرلىرى ۋە سىياسىي ماقالىلىرىدا «ئۇيغۇرىستان» ئاتالغۇسى ۋە ئىدىيىسى كەڭ قوللىنىلدى. مەسىلەن، ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ 1921 ـ يىلى يېزىلغان «ئېچىلماس كۆڭلۈم» ۋە «ياش يۈرىكىم» ناملىق شېئىرلىرى ھەم نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ «نۇزۇگۇم» پوۋېستىدا «ئۇيغۇر مىللىي كىملىك روھى ۋە «ئۇيغۇرىستان» ئىدىيىسى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلدى.


1928 ـ يىلى ستالىن سولچىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ، زور تۈركۈمدىكى تاتار ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلغان ۋە باستۇرغاندا، شۇ قاتاردا نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتمۇ يوقىتىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ھاياتى تەھدىتكە ئۇچرىغان شۇ پەيتلەردە ئابدۇللا روزىباقىيېنىڭ مەخپىي خەۋەر يەتكۈزۈشى بىلەن

ئۆزىنى چەتكە ئالغان. دەرۋەقە، ئۇ 1929 ـ يىلى ئىلى تەۋەسىگە كۆچۈپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا قادىرى، ئابدۇللا روزىباقىيوۋ، نۇر ئىسرائىل قاتارلىقلار قاتتىق باستۇرۇلغان.

نەزەر غوجا 1929 ـ يىلى كۈزدە خوتۇن ـ باللىرىنى ئېلىپ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا ماكانلاشقان. بۇ يەردىمۇ «غالجات مەھەللىسى» دېگەن بىر مەھەللە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مالىمانچىلىقلاردا كۆچۈپ كەتكەن غالجاتلىقلار، شۇنداقلا نەزەر غوجىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، تونۇش ـ بىلىشلىرى ئولتۇراقلاشقان. جاغىستاي مائارىپ ۋە مەدەنىيەتتە بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان يېزا ئىدى. بۇ يەردە 1900 ـ يىللاردىلا دىنىي مەكتەپلەر بار بولۇپ، پەننىي دەرسلەر قوشۇمچە ئۆتۈلەتتى. 1910 ـ يىلىدىن كېيىن، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن مىرزا مۇئەللىم، مىسىرىدىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن ناسىرھا داموللام، ئەيسا دامولللاملار مەسچىت يېنىغا پەننىي ۋە دىنىي مەكتەپلەرنى قۇرغانىدى. نەزەر غوجا بۇ يەردە مۇنتىزىم بىرپەننىي مەكتەپنىڭ يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن بىر پەننىي مەكتەپ سېلىشنى تەشەببۇس قىلغان. نەتىجىدە 1933 ـ يىلى «بىرلىك»مەكتىپى سېلىنغان. نەزەر غوجا بۇ مەكتەپكە ئىقتسادىي جەھەتتىلا ياردەم بېرىپ قالماي، يەنە قازان شەھرىدىن دەرسلىكلەرنى ئالدۇرۇپ بەرگەن. ئوقۇغۇچىلار بىر خىل مەكتەپ فورمىسىدا گىمناستىكا ئوينىغان. 1934 ـ يىلى بىر كۇلۇب سېلىنىپ، ئارتىسلار ئويۇن قويغان. شۇ مەزگىللەردە، بۇ كۇلۇبتا «خىيالى تېۋىپ»، «نۇزۇگۇم»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «نامەرد باي»قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «نۇزۇگۇم»بىلەن «نامەرد باي»نى نەزەر غوجا يېزىپ بەرگەن. ئۇ يەنە ئارتىستلارغا كۆپلىگەن ناخشا تېكىستلىرىنىمۇ يېزىپ بەرگەن.

شەرقىي تۈركىستان ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە نەزەر غوجا يازغان شېئىر ۋە ماقالىلىرىنى «ئالغا»، «ئىتتىپاق»قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ ئېلان قىلدۇرغان. «خۇشتىرخان»ناملىق داستانىنى ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەم ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا «دىلموك تېغى باغرىدىكى ئۇيغۇر يېزىلىرى»ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ چىققان. 1948 ـ يىلى ۋە 1949 ـ يىللىرى شەرقىي تۈركىستان ئىككىنچى جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى، غېنى باتۇر قاتارلىقلار نەزەر غوجىنى يوقلاپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، سۆھبەتلەردە بولغان. ئەخمەتجان قاسىمى كىشلەرنىڭ ئالدىدا نەزەر غوجىنى «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەتلىگەن. «1951 ـ يىلى شائىر ئەلقەم ئەختەم، يازغۇچى ماناپ قەدىرىلار جاغىستاي يېزىسىغا يەر ئىسلاھات كادىرى بولۇپ چىققاندا، نەزەر غوجا بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئۇنىڭ بىر قىسىم قولىيازمىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن». بۇ كىشىنىڭ «يورۇق ساھىللار» ناملىق ئەسەرلەر توپلىمى بار.

نەزەر غوجا ھاياتىنىڭ ھەر خىل قىسمەتلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئېغىر زەربىلەرگە ئۇچراپ، ياشانغاندا كېسەلچان بولۇپ قالغان بولۇپ، 1952 ـ يىلى كەچ كۈزدە، كېسلى قوزغىلىپ دورا ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولغان. ئۆز زامانىسىدىكى يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ باشلامچىسى، «مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئەڭ كۆپ ئويلانغان ۋە ئازابلانغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى»، ئەل جامائەت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ مەرىپەتچىنىڭ مېيىتى «بىرلىك» مازىرىغا، يەنى ھازىرقى جاغىستاي يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان.



# ئۆز مەپتۇنلۇق خاراكتېرى

فىلىپ زىمباردو

# ئۆز مەپتۇنلۇق خاراكتېرى

روسمەري سۋورد ۋە فىلىپ زىمباردو

**بىز تاراتقۇلاردا ۋە تورلۇك سورۇنلاردا «ئۆز مەپتۇنلۇق» دېگەن ئىبارىنى بارغانسېرى كۆپلەپ ئاڭلاشقا باشلىدۇق. ئۇنداقتا، ھەقىقىي «ئۆز مەپتۇنلۇق» زادى قانداق بولىدۇ؟ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بۇ ھەقتە تېگىشلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلالىشىنى ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆزى ۋە باشقىلاردىكى ئۆز مەپتۇنلۇق ئالامەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.**

## ئەپسانە

**«ئۆز مەپتۇنلۇق» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئېنگلىزچە ئاتىلىشى بولغان «narcissism» نارسىسۇس (Narcissus) ئىسىملىك بىر يىگىتكە ئالاقىدار گرېك ئەپسانىسىدىن كەلگەن. ئېيتىلىشىچە، نارسىسۇسنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالارمىش، ئەمما نارسىسۇس ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە پەرۋا قىلمايمىش. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، نارسىسۇس كۆلگە قاراپ ئۆزىنىڭ سىماسىنى كۆرۈپ قاپتۇ (بۇ ئەينەك ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىكەن) ۋە باشقىلارغا ئوخشاشلا ئۆزىگە كۆيۈپ قاپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ سۇدىكى سىماسىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي، كۆل بويىدىن كېتەلمەپتۇ. بۇ ھەقتىكى تورلۇك ئەپسانىلەرنىڭ بەزىلىرىدە «نارسىسۇس شۇ پېتى كۆلدىكى سىماسىغا قاراپ تۇرۇۋېرىپ، ھالىدىن كېتىپ ئۆلگەن» دېيىلسە، يەنە بەزىلىرىدە «ئۇ ئۆزىنىڭ <گۈزەل> سىماسىنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆرۈش ئۈچۈن، سۇغا ئېگىلىشىپ، سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن» دېيىلگەن؛ يەنە بەزىلىرىدە «ئۇ مەڭگۈ ئۆزىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ئۆلۈۋالغان» دېيىلگەن. بۇ ھەقتىكى ئەپسانىلەر خىلمۇخىل بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىلا بۇ يىگىتنىڭ «زىيادە ئۆز مەپتۇنلۇقى سەۋەبىلىك تەنھالىق ئىلكىدە ئۆلۈپ كەتكەن»لىكىدە بىرلىككە كەلگەن.**

## ئەپساندىن رېئاللىققىچە

**1900 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا، سىگمۇند فرويىد (Sigmund Freud) ئۆزىنىڭ پسىخىكىلىق تەھلىل نەزەرىيەسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە «ئۆز مەپتۇنلۇق» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، مەزكۇر ئۇقۇم توغرىسىدىكى نەزەرىيەلەر بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە ئۇ گاھىدا**

«مەنمەنچىلىك» (megalomania) ياكى ئېغىر دەرىجىدىكى «ئۆز مەركەزچىلىك» (ego ـ centrism) دەپمۇ ئاتالدى. 1968 ـ يىلغا كەلگەندە ، بۇ خىل ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ، دىئاگنوز قويغىلى بولىدىغان «ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقى»غا ئايلاندى. ئۆز مەپتۇنلار پىسخىكىلىق تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى پەۋقۇلئاددە ئۈستۈن چاغلىۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرى «ماڭا يەتمەيدۇ» دەپ قارىغان بارلىق كىشىلەرنى بەكلا تۆۋەن كۆرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، «مەن ئەڭ قالتىس، ماڭا سېلىشتۇرغاندا سەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيسەن» دېگەن مەنتىقە ئۇلارنىڭ ھايات قىبلىنامىسىدۇر. ئۆز مەپتۇنلار بەكلا ھېسسىي، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، ھېسداشلىق قىلىشنى ۋە ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمەيدىغان كېلىدۇ. چۈنكى، يۇقىرىقىلار باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئالاقىدار خۇسۇسىيەتلەر بولۇپ، ئۆز مەپتۇنلارنىڭ ئەس ـ يادى ئۆزىگىلا مەركەزلەشكەن بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتى توغرىسىدا ئويلىنىشقا چولىسى تەگمەيدۇ.

## دەۋرىمىزدىكى ئۆز مەپتۇنلۇقنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟

تۆۋەندە بىز ئۆز مەپتۇنلۇق تىپىدىكى خاراكتېر بىنورماللىقىنىڭ بەزى ئالامەتلىرىنى بايان قىلىمىز ھەمدە گەپ «ئۆز مەپتۇنلۇق» توغرىسىدا بولۇنغاچقا، «ئۆزىڭىز»نى كۆرسىتىدىغان ئىككىنچى شەخس ئالماشنى، يەنى «سىز»نى ئىشلىتىمىز:

* سىز ئۆزىڭىزنى باشقىلاردىن مۇنەۋۋەر دەپ قارايسىز. بۇ خىل ئەھۋال تۇرمۇشىڭىزنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، سىز باشقىلارنى پەقەتلا ياراتمايسىز.

* ھوقۇق، مۇۋەپپەقىيەت ۋە جەلىبكارلىق ھەققىدە خام خىياللارنى قىلىسىز. ئۆزىڭىزنى دەرىجىدىن تاشقىرى قەھرىمان، ئۆز ساھەيىڭىزدىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق شەخس، «دەۋر» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلىشقا لايىق كىشى دەپ قارايسىز، ھالبۇكى بۇلارنىڭ پەقەت ئۆز خىيال دۇنيارىڭىزدىلا مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمەيسىز.

* ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى ياكى تالانتىڭىزنى زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىسىز. گەرچە زېرىككەنلىك سەۋەبلىك يېزىقچىلىقنى تاشلاپ قويۇشتىن ئىلگىرى يازغان نەرسىلىرىڭىزنىڭ پەقەتلا تايىنى يوق بولسىمۇ، سىز يەنىلا خىجىل بولماستىن، باشقىلارغا ئۆزىڭىزنىڭ «تولستوينىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىڭىز»نى ئېيتىسىز.

* باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزنى توختىماي ماختىشىنى ۋە سىزگە ئاپىرىن ئوقۇشىنى كۈتىسىز. ھەرقانداق ئىش قىلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر ـــ ھەتتا ئەخلەت تۆككەندىمۇ ـــ باشقىلارنىڭ ئېتراپىغا ئېرىشىشنى تەمە قىلىسىز.

* «مەن ئالاھىدە ئىنسان ۋە ھەرۋاقىت ئىشلارنى تولىمۇ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىمەن» دەپ قارايسىز. ئۆزىڭىزنى تەڭرىنىڭ ئايالىلارغا، ئەرلەرگە، ئۆز ساھەيىڭىزگە، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا ئاتا قىلغان نېمىتى دەپ چاغلايسىز. شۇنداقلا، «باشقىلار ماڭا چوقۇم ئاشۇ تەرزدە (قەدىر-قىممىتىمنى بىلگەن ھالدا) مۇئامىلە قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇلار قەدرىمنى بىلمەيۋاتىدۇ» دەپ قارايسىز.

* باشقىلارنىڭ كەيپىياتى ۋە ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايقىيالمايسىز. باشقىلارنىڭ سىزنىڭ پىكرىڭىز ياكى ئۇلارنىڭ «خاتالىق»لىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىڭىز سەۋەبلىك بىئارام بولۇشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيسىز.

* ھەر ۋاقىت باشقىلارنىڭ ئۆز پىكرىڭىز ۋە پىلانىڭىزغا قوشۇلۇشىنى كۈتىسىز. سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىرلا چارىسى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «سىزنىڭ» چارىڭىزدۇر. شۇ ۋەجىدىن، باشقىلار سىزگە ئۆز خىيالى ياكى پىلانىنى ئېيتقاندا، سىز بىئارام بولۇپ كېتىسىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئوي-خىياللىرى ۋە پىلانى ھەرگىزمۇ «سىزنىڭ»كىگە يەتمەيدۇ-دە!!!

* پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپلا يۈرىسىز: ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ماشىنىسىنى، ئۆسكۈنىلىرىنى، پۇل-پۈچەكلىرىنى ياكى كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۇلاردىن سورىمايلا ئىشلىتىۋالىسىز. ياكى ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقان ياشانغان كىشلەرنىڭ ئالدىغا قىستىپلا كىرىۋالىسىز. ياكى ئۇششاق-چۈششەك بىرەر ئىش قىلىپ قويۇپلا، ئۇنىڭ بەدىلىگە ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئويلايسىز. شۇنداقلا، بۇلارنى قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «شۇنداق قىلسام نېمە بوپتۇ؟» دېيەلەيسىز.

* سىز ئۆزىڭىزدىن تۆۋەن تۇرىدۇ دەپ قارايدىغان كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايسىز. پاناھلانغۇدەك ئۆيى يوق كىشىلەرنىڭ قەھرىتان سوغۇقتا يالىڭئاياغ، چاپانسىز ھالدا دۈگدىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىڭىز، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىش ياكى ياردەم قىلىشنىڭ ئورنىغا، «قارا ما لەقۋانى!» دەيسىز.

* باشقىلارغا ھەسەت قىلىسىز. «مۇكاپات، غەلىبە، ماختاش ۋە ئېتىراپقا پالانى-پوكۇنىلار ئەمەس، بەلكى مەن لايىق ئىدىم» دەپ قارايسىز. ئەگەر بىراۋنىڭ ئۆزىڭىزدىن جەلىپكار، ئەقىللىق ياكى تېخىمۇ داڭلىق ماركىلىق ماشىنىسى، ئۆيى ياكى باشقا مۇھىم نەرسىسى بارلىقىنى بايقىسىڭىز، ئۇنى ئارقىسىدىن تىللايسىز، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىسىز، ھەتتا ئۇنى قارغايسىز.

* «باشقىلار ماڭا ھەسەت قىلىدۇ، ھەممەيلەننىڭ ماڭا ئوخشاش بولغۇسى بار» دەپ ئويلايسىز.

* باشقىلار بىلەن ساغلام مۇناسىۋەت ئورنىتالمايسىز. سىزنىڭ قارىشىڭىزچە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىز ۋە دوستلىرىڭىز سىزنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا سىز ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلمايسىز. ئىشقىلىپ تۇرمۇشتا سىزنى نارازى قىلىدىغان ئىش تېپىلىپلا تۇرىدۇ.

* ئۆزىڭىزگە «بىر كۈنلەردە مەلۇم چوڭ شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى، پرېزىدېنت، ئەڭ بۈيۈك سەنئەتكار، كىتابى ئەڭ كۆپ سېتىلغان يازغۇچى بولىمەن» ياكى «پالانى چولپانغا ياتلىق بولىمەن»،

«بىل گېپىتسىنىڭ مال ـ بىساتىغا ۋارسلىق قىلىمەن» دېگەندەك رېئاللىقتىن چەتنىگەن نىشانلارنى بېكىتمۇۋالسىز.

* ناھايىتى ئاسانلا رەنجىپ قالىسىز: باشقىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن سىزنى «قەستەن رەنجىتىدىغان»لىقىنى چۈشىنەلمەيسىز؟ بۇ خىل «كۆڭۈل ئاغرىق»لىرىنى يېڭىشىڭىزگە نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايسىز.

* غۇرۇرىڭىز تولىمۇ نازۇك بولىدۇ: يۇقىرىقى (قارىماققا كىچىكلىكتەك كۆرۈنىدىغان) تاشقى قىياپەتنىڭ ئاستىدا، ئەمەلىيەتتە سىز تولىمۇ نازۇك ئادەمسىز. سىز باشقىلارنىڭ نېمىشقا بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتەلمەيدىغانلىقىنى كاللىڭىزدىن ئۆتكۈزەلمەي قىينىلىسىز.

* ئۆزىڭىزنى جەسۇر ياكى سوغۇققان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىسىز.

<u>ئۆزىگە ئىشىنىش بىلەن ئۆز مەپتۇنلۇقنىڭ پەرقى</u>

گەرچە يۇقىرىقى ئالامەتلەرنىڭ بەزىلىرى كىشىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ياكى غۇرۇرىنى كۆچەيتكەندەك قىلىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۆز مەپتۇنلار يەنىلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلۈك ۋە غۇرۇرلۇق ساغلام كىشىلەردىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى، پىسخىكىسى ساغلام كىشىلەر ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالمايدۇ، ئۆز مەپتۇنلار بولسا ئۆز نەزىرىدىكى «ماقامى»نىڭ ئۈستۈنلۈكى سەۋەبىلىك، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئۆز مەپتۇنلار ھەردائىم تولىمۇ كۆرەڭ كۆرۈنىدۇ ۋە پو ئېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار سۆھبەت ـ پاراڭلارنى مونوپول قىلىۋالىدۇ ۋە ئۆزىنى شۇنداق قىلىشقا لايىق دەپ قارايدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ ۋە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان ھامان خۇيى تۇتىدۇ، غەزەپلىنىدۇ.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، كۆپىنچە ھاللاردا بۇ خىل ئۆز مەپتۇنلارچە قىلمىشلارنىڭ تېگىدە «ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى» ياتقان بولىدۇ. ئۆزمەپتۇنلار ھەرقانداق تەرزدىكى تەنقىدنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ «تەنقىدكە ئۇچراۋاتىمەن» دەپ قارىغان چاغدىكى ھېسسىياتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، باشقىلارنى ھاقارەتلەيدۇ، غەزەپلىنىدۇ، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدۇ. ئۆز مەپتۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ ناباب قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ يېتەلمەسلىكىنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، چۈنكى بۇنداق قىلىش (يەنى ئۆزىدىكى ئەيىب ـ نۇقسانلارنى كۆرۈپ يېتىش) ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى «مۇكەممەل، ئۈستۈن» دەپ قاراشقا كۆنۈككەن تەپەككۇر ئەندىزىسىگە زىتتۇر.

## ئۆز مەپتۇنلۇقنىڭ زىيانلىرى غايەت زور

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھەرقانداق ئۆز مەپتۇن ئۆزىنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تولىمۇ كۆڭۈلسىز ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بېرىش ـ كېلىشى قىلغۇسى كەلمەس بولۇپ كېتىدۇ. ئۆز مەپتۇنلارنىڭ مەيلى شەخسىي، ياكى خىزمەتتىكى، ۋەياكى مەكتەپتىكى بارلىق مۇناسىۋەتلىرىدىن چاتاق چىقىدۇ. ھەتتا، ئۇلار گاھىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ، چۈنكى ئۇلار قىممەت باھالىق لاقا ـ لۇقىلاردىن ئايرىلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ «يارقىن» ئوبرازىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزدە ئۆز مەپتۇنلۇق خاراكتېرى بارلىقىدىن گۇمانلانسىڭىز ھەمدە بۇ ئىللەتتىن قۇتۇلماقچى بولسىڭىز، پسىخىك دوختۇرغا كۆرۈنۈشنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ. شۇنداق قىلغاندا، باشقىلار بىلەن تېخىمۇ كۆڭۈللۈك كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، تېخىمۇ خۇشال ياشىيالايسىز.

## ئەگەر سىز ئۆز مەپتۇنلۇق خاراكتېرىگە ئىگە بىرەرسىنى تونۇسىڭىز

ئەگەر ئەتراپىڭىزدا ئۆز مەپتۇنلۇق خاراكتېرىگە ئىگە كىشىلەردىن بىرەرسى بار بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرىنى رېئال رەۋىشتە كۆرۈپ يېتەلمەيدىغانلىقىنى ھەمدە باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ئەستىن چىقارماڭ. ئۇلار سىزنىڭ سەمىمىي كۆيۈنۈشىڭىزنى دۈشمەنلەرچە تەتۈرزۇز قىلغانلىق دەپ قارىشىلىشى مۇمكىن. ئەگەر خىزمەت ئورنىڭىزدا ئۆز مەپتۇنلار بار بولسا، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈڭ. ئەگەر ئائىلىڭىزدە ئۆز مەپتۇنلار بار بولسا، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان ئاساستا، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىڭ، لېكىن ئۆزىڭىزنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ. ئەگەر بۇنداق كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىشتىن كېلىدىغان بېسىم سىز بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر بولۇپ كەتسە، بۇ خىل ئەھۋالغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا كەسپىي خادىملاردىن مەسلىھەت سوراڭ. شۇنداقلا، تۇرمۇشىڭىزدا ئۆز مەپتۇنلار بار ـ يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، ھاياتىڭىزدىكى گۈزەل شەيئىلەر، جۈملىدىن ئىجابىي سەرگۈزەشتىڭىز توغرىسىدا كۆپرەك ئويلىنىڭ، كەلگۈسىڭىزنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن پىلان تۈزۈڭ، ئۇنى كۆز ئالدىڭىزدىلا تاپىسىز!

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/the-time-cure/201603/the-narcissistic-personality



# خىتاي بىلەن ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رىقابىتى

نەۋباھار ئىماموۋا

# ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى مۇجادىلە سەھنىسى ـــ ئوتتۇرا ئاسىيا

نەۋباھار ئىمامووۋا

مۇتەخەسسىسلەر: «يېقىنقى ئىككى قېتىملىق ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى ‹ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت› سەھنىسى بولۇپ قالدى» دېيىشمەكتە.

ئۇلار يەنە «ئامېرىكا ‹ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىز بىلەن ئوخشاش مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدۇ› دېگەن پەرەز ئاستىدا، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تەكىتلەپ، مەزكۇر رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قايتىدىن قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن خىتايدىكى سىياسەتلەرگە تۈرتكە بولغان مەسىلىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلدى» دېگەنلەرنى قوشۇمچە قىلدى.

پىتسبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى «باشقۇرۇش ۋە بازار مەركىزى»نىڭ مۇدىرى جېننىفېر برىك مۇرتازاشۋىلى (Jennifer Brick Murtazashvili): «بېيجىڭنىڭ (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى) مەنپەئەتى ئاساسلىقى ئۇنىڭ بىخەتەرلىك ـــ بولۇپمۇ ئافغانىستاندىكى ـــ ئەندىشىسىدە ئەكس ئېتىدۇ» دەيدۇ.

مۇرتازاشۋىلى يېقىندا «ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىكنى كۆزدىن كەچۈرۈش كومىتېتى»نىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، خىتاينىڭ تالىبان بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىلىرىنى «تالىباننى قوللىغانلىق» دەپ چۈشىنىۋالماسلىق كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكانىڭ ئۆتكەن يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە ئافغانىستاندىكى سىياسىي ۋە ھەربىي نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالماسلىقى ئافغانىستاننىڭ خىتاي، رۇسىيە، ئىران ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق تېخىمۇ كۈچلۈك قوشنىلىرىنى ساراسىمىگە سالغان.

«ئامېرىكانىڭ ئافغانىستانغا مۇداخىلە قىلىشى بۇ يەرگە مۇقىملىق ئېلىپ كېلەلمەيلا قالماستىن، يەنە ‹ئىسلام دۆلىتى خوراسان›غا ئوخشاش تەشكىلاتلارنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولدى. خىتاي ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان مۇقىمسىز ۋەزىيەت ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى›گە ئوخشاش تەشكىلاتلارنى پائالىيەت بوشلۇقى بىلەن تەمىنلىدى، دەپ قارايدۇ» دېدى مۇرتازاشۋىلى مەزكۇر يىغىندا.

مۇرتازاشۋىلىنىڭ قارىشىچە، خىتاي ئافغانىستانغا مەبلەغ سېلىشقا ئالدىرىمايدىكەن، ئۇ «مىس ئەينەك» مىس كېنى قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى خىتاي پروجېكتلىرىنىڭ يىللاردىن بېرى توختىتىپ

قويۇلغانلىقىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. «خىتاي ئالدى بىلەن، ئافغانىستاندا نورمال فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ھۆكۈمەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتىدۇ» دەيدۇ ئۇ.

ئۇزۇن مەزگىللىك مەبلەغ جەھەتتە، خىتاي ئالدى بىلەن تالىباننىڭ شەرقىي تۈركىستان ـ ئافغانىستان ئارىسىدىكى چېگرانىڭ بىخەتەرلىكىگە، قورallىق كۈچلەرنىڭ ئافغانىستان ئارقىلىق خىتايغا كىرىۋالماسلىقىغا ۋە خىتاينىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

«بۇ تالىباننىڭ ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى›نىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى چوقۇم خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئافغانىستان ۋەزىيىتىنى تولۇق كونترول قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىمىسا بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھالبۇكى، تالىبان ‹ئىسلام دۆلىتى خوراسان›نىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقان نۆۋەتتىكىدەك بىر پەيتتە بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش تېخىمۇ مۈشكۈللەشمەكتە» دەيدۇ مۇرتازاشۋىلى.

«مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان مۇئامىلىسىنى ئەيىبلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاتالمىش ‹تېرورىزم› ۋە ‹زوراۋان ئاشقۇنلۇق›نى يوقىتىش جەھەتتە خىتاي بىلەن ئورتاق نىشانغا ئىگە (ئامېرىكا مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاتالمىش «تېرورلۇققا قارشى يەرشارىۋى ئۇرۇش»، يەنى «GWOT»نى باشلىغاندىن كېيىن، خىتاي بۇ ئېقىمدىن ئۇستاتلىق بىلەن پايدىلىنىپ كەلدى، بولمىسا خىتاي ھېچقاچان ھەقىقىي مەنىدە تېرورلۇق تەھدىتىگە دۇچ كېلىپ باققىنى يوق. بۇ ھەقتىكى ئاتالمىش تەتقىقاتچىلارنىڭ «خىتاي تېرورلۇق تەھدىتىگە دۇچ كەلدى ۋە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا شۇنىڭغا قارشى زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللاندى» دېگەن سۆزلىرى پەقەت ۋە پەقەت ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىك ياكى قەستەن خىتايغا يانتاياق بولۇش قىلمىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزغا ئۇلاپ بېسىلغان، دوكتور شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» ناملىق كىتابىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشىڭىزنى كۈچلۈك تەۋسىيە قىلىمىز. ـ ت) گەرچە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان، ئامېرىكا تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتالغان سىياسەتلىرى ئامېرىكا بىلەن خىتاينى بۇ جەھەتتە ھەمكارلىشالماس ھالغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا باشقا تاللاشلار مەۋجۇت» دەيدۇ ئۇ.

«(ئۇكرائىنا ئۇرۇشى سەۋەبلىك) رۇسىيەنىڭ دىققىتىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە مەزكۇر رايوننىڭ ‹ئامېرىكاسىزلىنىشى› ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى يېقىن زامان تارىخىدىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك تەشەببۇسكارلىققا ئىگە قىلدى. شۇ ۋەجىدىن، ئامېرىكا يەنە بىر چوڭ دۆلەت ئارىغا كىرگەن تەقدىردە، بۇ چوڭ كۈچلەرنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرغۇزۇش ئارقىلىق ئارىدىن نەپ ئېلىشنى ئويلايدىغان ئافغانىستان ۋە خىتايغا قوشنا باشقا دۆلەتلەر ئارقىلىق بۇ رايونغا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قول تىققالايدۇ. بۇ مەزكۇر

رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە تېخىمۇ بەكرەك خوجا بولالىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ بارغانسېرى مۇستەقىللىشىۋاتقان چەت ئەل سىياسەتلىرىنىڭ ئىپتراپ قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دەيدۇ مۇرتازاشۋىلى.

قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدىكى «ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى» ئاكادېمىيەسىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى نىۋا ياۋ (Niva Yau) «ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىكنى كۆزدىن كەچۈرۈش كومىتېتى»غا شۇلارنى بىلدۈردى: «بېيجىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى تەلتۆكۈس بېسىقتۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك قانۇن ئىجرا قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەزكۇر رايونغا تارقالغان بۇ تورنى ۋەيران قىلىشى (يەنى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىشى) كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ».

ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى ئىقتىساد ئارقىلىق ئىندەككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان بولۇپ، نۆۋەتتە خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە، جۈملىدىن «تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش ئاجىز ئىقتىسادىي گەۋدىلەر»گە تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بېرىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق دۆلەت ئىكەن.

### ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر

خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇسى بولمىش «شىنخۇا ئاگېنتلىقى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تور يىغىنىدا، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ مۇنداق دېگەن: «خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ قانداق ئۆزگىرىشى، خىتاينىڭ قانداق تەرەققىي قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي ھەردائىم ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئىشەنسە ۋە تايانسا بولىدىغان ياخشى قوشنا، ياخشى شېرىك، ياخشى دوست ۋە ياخشى بۇرادەر بولىدۇ. شۇنداقلا، خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا سەھنىسىدە تېخىمۇ چوڭ رول ئوينىشىنى قەتئىي قوللايدۇ.»

ئىقتىسادىي جەھەتتە، قازاقىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت بولۇپ، مەزكۇر رايوننىڭ خىتاي بىلەن بولغان سودىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا خىتايغا مىنېرال ماددىلار ۋە خام نېفىت قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئېكسپورت قىلىپ، خىتايدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىمپورت قىلىدۇ.

«ئۆتكەن 15 يىلدا، <خىتاي ـ قازاقىستان نېفىت تۇرۇبا لىنىيەسى> بىلەن <خىتاي ـ ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئىي گاز تۇرۇبا لىنىيەسى>دىن ئىبارەت دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى ئىككى تۇرۇبا لىنىيەسى مەزكۇر رايوننىڭ خىتايغا بولغان ئېكسپورتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىپ كەلدى» دەيدۇ نىۋا ياۋ.

خىتاينىڭ قازاقىستاندىن نېفىت، تۈركمەنىستاندىن تەبىئىي گاز ئىمپورت قىلىش مىقدارى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادىن خىتايغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئالتۇن، مىس ۋە كۆمۈر قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى ئىزچىل تۆۋەن ھەمدە كۆپىنچىسى شەخسىي شىركەتلەرنىڭ ئىلكىدە.

«خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قازاقىستاننىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز سانائىتىگە ئاز دېگەندە يىگىرمە مىليارد دوللار، تۈركمەنىستانغا ئاز دېگەندە 17 مىليارد دوللار، ئۆزبېكىستانغا ئاز دېگەندە ئىككى مىليارد دوللار مەبلەغ سالدى» دەيدۇ نىۋا ياۋ.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئېنېرگىيە ۋە باشقا خام ئەشيالىرىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئىشچىلارنىڭ ئاساسلىق پۇل تېپىش مەنبەسى بولغان رۇسىيەگە بولغان بېقىندىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ؛ لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاينىڭ مەزكۇر رايوندىكى ئاساسلىق سېتىۋالغۇچىغا ئايلىنىشى سەۋەبلىك خىتايغىمۇ بېقىنىپ قالماسلىقنىڭ كويىدا ئىكەن.

### ئامېرىكا قەيەردىن قول تىقالايدۇ؟

دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى (رۇسىيە ۋە خىتايدىن باشقا) ئۈچىنچى بىر تاللاشقا موھتاج. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكا رايوننىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە ۋە خەلقئارالىق سىستېمىغا سىڭىپ كىرىشىگە تەشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى قوللىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەنىدە ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشىغا ياردەم قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئامېرىكا قول تىقمىسا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە نىسبەتەن ئاجىز ئورۇندا تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن، خىتاي بىخەتەرلىك جەھەتتە بۇ دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىشقا ئىنتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار مۇشۇنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ خىتاينىڭ ئۆزلىرىگە تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك مەبلەغ سېلىشىنى ھەمدە يەرلىك تەرەققىيات ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشىنى تەلەپ قىلالايدۇ.

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئامېرىكانىڭ ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ھەمكارلىششنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەۋىشتە <خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىگە قايتىدىن قاراپ چىقىش> ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنىشى كېرەك. (ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن بولغان) ياپونىيە بىلەن كورىيە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاللىبۇرۇن خېلىلا كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە» دەيدۇ نىۋا ياۋ.

نىۋا ياۋ يەنە شۇنداق دەپ قارايدۇ: ئامېرىكا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى يەرلىك تاراتقۇلارنى قوللىشى، شۇنداقلا بۇ يەردە ئىشەنچلىك خەلقئارالىق تاراتقۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇ ئىككىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشەنچلىك ئۈچۈر مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ، پۇقرالارنىڭ

ھۆكۈمەتكە ختاي بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىلەردە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالماسلىق خۇسۇسىدا بېسىم ئىشلىتىشكە تۈرتكە بولىدۇ ۋە رۇسىيەنىڭ خاتا ئۇچۇر تارقىتىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرەلەيدۇ.

ئۇ يەنە ئامېرىكانى تالىباننىڭ كونتروللۇقىدىكى ئافغانىستاننى يېتىم قالدۇرماسلىققا ئۈندەپ شۇنداق دېدى: «تالىبانغا قارىتا كىشىلىك ھوقۇق ۋە تېرورلۇق مەسىلىلىرىنى داۋاملىق تەكىتلەپ تۇرۇش ئەلۋەتتە مۇھىم بولىدۇ، ئەمما مەزكۇر رايوندىكى بۇ خىل يېڭى ۋەزىيەتتە، ئامېرىكا تالىبان بىلەن قايتىدىن سۆھبەتلىشىشتىن نەپكە ئېرىشەلەيدۇ.»

نىۋا ياۋنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ئۆزبېكىستان ۋە باشقا قوشنا ئەللەر تالىبانىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئافغانىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قوبۇل قىلالىسا، ئامېرىكامۇ بۇ ھالەتنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىكەن. چۈنكى، ئافغانىستان ۋەزىيىتى مۇقىملاشسا، بۇ تۈركمەنىستان ـ ئافغانىستان ـ پاكىستان ـ ھىندىستان (TAPI) تەبىئىي گاز تۇرۇبا لىنىيەسىنى ــ ھىندىستان ئۇشبۇ لىنىيە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېنېرگىيە تەمىناتىدىكى يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاشنىڭ كويىدا ــ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئاسىيانىڭ باغلىنىشىنى كۈچەيتىدىكەن. شۇنداقلا، تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ھىندىستان ۋە پاكىستان بازارلىرىدىكى ئۇل مۇئەسسەسە ۋە بازار باغلىنىشى بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي شېرىكلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ رۇسىيە بىلەن ختايغا بولغان بېقىنىشىنى تۆۋەنلىتىدىكەن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.voanews.com/a/central-asia-caught-up-in-power-play-between-us-china-/6576019.html



# تىلەمچى

چىخوۋ

## تىلەمچى

ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوف (رۇسىيە)

— شەپقەتلىك غوجام! ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ قويسىلا، مەندەك ئاچ قالغان بىچارىگە ئىچىلىرى ئاغرىسۇن. بىر نەرسە يېمىگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى ... يېنىمدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوق، بېشىمنى تىققۇدەك ماكانىممۇ يوق ... پەرۋەردىگار بىلەن قەسەمكى! مەن سەككىز يىل يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم، كېيىن يەرلىك ئاپتونوم ئىدارىسىنىڭ قۇۋلۇق ـ شۇملۇقى تۈپەيلى خىزمىتىمدىن ئايرىلدىم، تۆھمەتنىڭ قۇربانىغا ئايلاندىم. بۇ بىر يىلنىڭ ياقى خىزمەت تاپالماي ئىشسىز يۈردۈم.

ئادۋوكات سكۋورتسوۋ ئۆزىگە يېلىنىۋاتقان بۇ ئادەمگە نەزەر سالدى، سۇر كۆك رەڭلىك پەلتوسى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن، كۆزلىرى گۇنسىز، يۈزلىرىنى قىزىل داغ باسقان بۇ ئادەمنى ئۇ ئىلگىرى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلاتتى.

— ھازىر كالۇگا ئوبلاستىدا بىرەيلەن ماڭا بىر خىزمەت تېپىپ بەرگەندى، — دېدى ھېلىقى ئادەم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لېكىن يېنىمدا شۇ يەرگە بارغۇدەكمۇ پۇل يوق. ماڭا ياردەم قىلىپ قويسىلا! بىر نەرسە تىلەش ئەيىب، ئەمما تۇرمۇش شۇنىڭغا مەجبۇر قىلغاچقا ...

سكۋورتسوۋ بۇ ئادەمنىڭ رېزىنكە ئايىغىغا قارىدى، ئاياغنىڭ بىر پېيى كالاچقا ئوخشاش قونچىسىز، يەنە بىرى بولسا ئۈتۈكتەك ئېگىز قونچلۇق ئىدى. شۇندىلا سكۋورتسوۋ بۇ ئادەمنى ئېسىگە ئالدى.

— قاراڭ، مەن تېخى ئۈلۈشكۈن سىزنى سادوۋوي كوچىسىدا كۆرگىنىمدە، سىز ئۆزىڭىزنى يېزا ئوقۇتقۇچىسى ئەمەس، مەكتەپتىن ھەيدەلگەن ستۇدېنت دېگەنىدىڭىز، ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— ياق، ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دەپ غودۇرىدى تىلەمچى تۆۋەن ئاۋازدا، — مەن راستتىنلا يېزا ئوقۇتقۇچىسى، خالىسىڭىز گۇۋاھنامەمنى سىزگە كۆرسىتەي.

— بولدى بەس! يالغان گەپلىرىڭىزنى قويۇڭ! ئاشۇ كۈنى سىز ئۆزىڭىزنى ستۇدېنتمەن دەپ تونۇشتۇرغان، ھەتتا مەكتەپنىڭ سىزنى نېمىشقا ھەيدىۋەتكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەرگەنىدىڭىز، بۇغۇ ئېسىڭىزدە باردۇ؟

سكۋورتسوۋنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ سەسكىنىش ئىلكىدە ئۈستىبېشى جۇل ـ جۇل بۇ ئادەمنىڭ يېنىدىن ئايرىلماقچى بولدى.

— بۇ قاتتىق پەسكەشلىكتۇر، ئەپەندىم! — دېدى ئۇ غەزەپ ئىلكىدە، — بۇ قويىمچىلىقتۇر! مەن سىزنى ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرەلەيمەن، شورى قۇرغۇر! نامراتكەنسىز، ئاچ قاپسىز، ئەمما بۇ سىزنىڭ بۇنچە نومۇسسىز، شەرمەندىلەرچە يالغانچىلىق قىلىشىڭىزغا باھانە بولالمايدۇ ـ دە!

جۇل ـ جۇل كىيىملىك كىشى ئىشكىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقىنىچە، تۇتۇلۇپ قالغان ئوغرىدەك زال ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.

— مەن ... مەن يالغان سۆزلىمىدىم، ئەپەندىم ... — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا، — مەن سىزگە گۇۋاھنامەمنى كۆرستەلەيمەن.

— كىممۇ سىزگە ئىشەنسۇن؟ — دېدى سىكۋورتسوۋ تېخىمۇ كۆۋەجەپ، — جەمئىيەتنىڭ يېزا ئوقۇتقۇچىلىرىغا ۋە ستۇدېنتلارغا بولغان مايىللىقىنى سۈيىئىستېمال قىلىپ ... بىلىپ قويۇڭ، بۇنداق قىلىش تولىمۇ نومۇسسىزلىقتۇر، پەسكەشلىكتۇر، شەرمەندىلىكتۇر! چېكىدىن ئاشقان قەبىھلىكتۇر!

سىكۋورتسوۋ بۇ كىشىگە قىلچە يۈز ـ خاتىرە قىلماستىن، قاتتىق كايىدى. قارشى تەرەپنىڭ نومۇسسىزلارچە يالغانچىلىقى ئۇنى ھەم سەسكەندۈرگەن، ھەم نەپرەتلەندۈرگەنىدى. بۇ سىكۋورتسوۋ ياقتۇرىدىغان ۋە چوڭ بىلىدىغان، شۇنداقلا ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملىگەن، ئاق كۆڭۈللۈك، كۆيۈمچانلىق، ھېسداشلىق دېگەندەك پەزىلەتلەرگە قىلىنغان ھاقارەت ئىدى. بۇ كاساپەتنىڭ توختىماي كاززابلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ مېھرىبانلىقىدىن پايدىلىنىشى دەل ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ساپلىقىدىن مەنبەلەنگەن يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش ئىستىكىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ئىدى. جۇل ـ جۇل كىيىملىك كىشى دەسلەپتە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى ئاقلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن قەسەم قىلغان بولسا، ئاخىرىغا بارغاندا خىجالەت ئىلكىدە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئەپەندىم، — دېدى ئۇ بىر قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، — مەن ... مەن ھەقىقەتەن يالغان سۆزلىدىم! مەن ستۇدېنتمۇ، ئوقۇتقۇچىمۇ ئەمەس. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم توقۇپ چىققانىدىم. مەن ئەسلىدە رۇسىيە خور ئۆمىكىدە ئىشلەيتتىم، ھاراقنا بېرىلىپ كەتكەچكە خىزمىتىمدىن ھەيدەلدىم. لېكىن، مەندە نېمە ئامال دەيسىز؟ تەڭرى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ماڭا ئىشىنىڭ، يالغان ئېيتىشقا مەجبۇرمەن. ئەگەر مەن راست گەپ قىلسام، ھېچكىم ماڭا سەدىقە بەرمەيدۇ. راست گەپ قىلسام، ئاچ قېلىپ ئۆلىمەن. تۇرغۇدەك يېرىم بولمىغاچقا، سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلىمەن. دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى توغرا، بۇنىسى ماڭىمۇ ئايان! لېكىن ... مەندە نېمە ئامال؟

— «مەندە نېمە ئامال؟» دەمسىز؟ تېخى «مەندە نېمە ئامال؟» دەپ سوراۋاتامسىز؟ — دەپ ۋارقىرىدى سىكۋورتسوۋ، — خىزمەت قىلمامسىز، مانا مۇشۇ ئامالغۇ! خىزمەت قىلىڭ!

— خىزمەت ... بۇنىسى ماڭىمۇ ئايان، لېكىن قەيەردىن خىزمەت تاپىمەن؟

— قۇرۇق گەپ! سىز تېخى ياش، ساغلام، كۈچىڭىز ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، خالىسىڭىزلا ھەرزامان خىزمەت تاپالايسىز. لېكىن، سىز ھورۇن، تەييارتاپ، يەنە كېلىپ زابوي! تېنىڭىز گويا قاۋاقخانىنىڭ ئۆزى،

گۆپۆلدەپ هاراق پۇراپ تۇردۇ. يالغانچىلىق قان ـ قېنىڭىزغا سىڭىپ كەتكەن. دىۋانىدەك ھەممە يەردە بىر نەرسە تىلەپ، بىلجىرلاپلا يۈرىسىز! ئەگەر سىز ئىنساپىقا كېلىپ خىزمەت قىلىشنى ئويلىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، سىزگە خورچىلىق ياكى بىلياردخانىدا نومۇر ھېسابلىغۇچىلىق دېگەندەك، ئىش قىلمايلا مائاش ئالغىلى بولىدىغان بىرەر خىزمەت تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. جىسمانىي ئەمگەك قىلىشنى خالامسىز؟ ھەقاچان ئىشلەك باقار ياكى ئىشچى بولغۇڭىز كەلمەيدىغۇ دەيمەن؟ سىزدەك ئادەملەر زادىلا ئۆزىنى چاغلىمايدۇ!

ـــ بۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ تازىمۇ بىر ... ـــ تىلەمچى زورىغا كۈلدى، ـــ مەن جىسمانىي خىزمەتنى قەيەردىن تاپىمەن؟ پىركازچىكلىق قىلاي دېسەم، ئالللىقاچان كېچىكتىم. چۈنكى، تىجارەت ئىشلىرىنى چوقۇم بالا شاگىرتلىقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئىشلەك باقارلىق قىلاي دېسەم، مېنى ھېچكىم ئالمايدۇ، چۈنكى مەن باشقىلارنىڭ ماڭا قول شىلتىپ بۇيرۇقۋازلىق قىلىشىنى ياقتۇرمايمەن ... زاۋۇتلارمۇ ماڭا ئىش بەرمەيدۇ، چۈنكى ئىشچىلارنىڭ ھۈنىرى بولۇشى كېرەك، لېكىن مەندە بىرەر ھۈنەر يوق.

ـــ قۇرۇق گەپ! باھانىڭىز تۈگىمەيدىكەن، ئۇنداقتا سىز ئوتۇن يېرىشنى خالامسىز؟

ـــ بۇ ئىشقۇ بولاتتى، لېكىن ھازىر ئۇستا ئوتۇن يارغۇچىلارمۇ ئىش تاپالمايۋاتامدۇ؟

ـــ ھىم! تەييارتاپلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ. ئىش قىلىشنىڭ گېپى بولسىلا، ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قاچىدىكەنسىز. ئۇنداقتا، سىز مېنىڭ ئۆيۈمدە ئوتۇن يېرىشنى خالامسىز؟

ـــ بولىدۇ، مەن ياراي ...

ـــ بولىدۇ، قالغىنىنى كېيىن كۆرەرمىز ... قالتىس، ئالدىرىماي كۆرىمىز!

سكۋورتسوۋ ھەم جىددىيلىك، ھەم تاماشا كۆرۈش ئىستىكىدە قوللىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئاشپەز ئايالنى چاقىردى.

ـــ بۇياققا چىقىڭ، ئولگا! ـــ دېدى ئۇ، ـــ مۇنۇ ئەپەندىمنى لاپاسقا باشلاپ بېرىڭ، ئازراق ئوتۇن يارسۇن!

جۇل ـ جۇل كىيىملىك كىشى مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ، ئىككىلەنگەن تەرزدە ئاشپەز ئايالغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇنىڭ قەدەملىرىدىنلا شۇ نەرسە مەلۇم ئىدىكى، ئۇ قانداقتۇر قورسىقى ئاچ قالغانلىقتىن پۇل تېپىپ قورسىقىنى تويغۇزۇشنى ئويلىغان بولماستىن، ئەيىبى باشقىلار تەرىپىدىن بايقىلىپ قالغاچقا، خىجىللىق سەۋەبلىكلا گېپىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. يەنە شۇمۇ روشەن ئىدىكى، ئۇ ئادەتتە ھاراقنى بەك كۆپ ئىچكەچكە، بەدىنى تولىمۇ زەئىپ ئىدى، ھەتتا بىرەر كېسىلى باردەكمۇ قىلاتتى ھەمدە ئىش قىلىشقا پەقەتلا رايى يوق ئىدى.

سكۋورتسوۋ دەرھال ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانىنىڭ دېرىزىسى ھويلىغا قارايدىغان بولۇپ، بۇ يەردىن ئوتۇن دۆۋىلەنگەن لاپاسنى ۋە ھويلىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىنى كۆرگىلى بولاتتى. سكۋورتسوۋ دېرىزىنىڭ

ئالدىدا تۇرۇپ، ئاشپەز ئايال بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ھويلىغا كىرگەنلىكىنى كۆردى، ئۇلار پاتقاق ئارىلىشىپ كەتكەن قارلارنى دەسسىگىنىچە لاپاسقا قاراپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇلگا ھۆرپەيگىنىچە يېنىدىكى ئادەمگە زەن سېلىۋاتاتتى، ئۇ جەينەكلىرىنى كۆچەپ مىدىراتقىنىچە لاپاسنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئىشىكنى كۆچەپ ئىتتىرىۋىدى، ئىشىك «گۇم» قىلىپ تامغا تەگدى.

ــــ قارىغاندا مەن بۇ خوتۇننىڭ قەھۋە ئىچىشكە پۇتلىكاشاڭ بولغاندەك تۇرىمەن، ــــ دەپ ئويلىدى سكۋورتسوۋ، ــــ بۇ ئاچچىقى يامان خوتۇننىزە!

ئاندىن ئۇ ھېلىقى ساختا يىزا ئوقۇتقۇچىسى ۋە ساختا ستۇدېنتنىڭ مۇشتىنى قىزىل ئېڭىكىگە تىرىگىنىچە كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خىيال سۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆردى. ئاشپەز ئايال بىر پالتىنى ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يېنىغا تاشلاپ، غەزەپ بىلەن تۇكۈردى. ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ ھەرىكىتىدىن قارىغاندا، ئالدىدىكى ئادەمنى تىللاۋاتقاندەك قىلاتتى. جۇل ـ جۇل كىيىملىك ئادەم بىر پارچە ئوتۇننى ئېرىنچەكلىك بىلەن سۆرەپ كېلىپ، ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا تىكلەپ قويدى ـ دە، قورقۇمسىرىغىنىچە پالتا بىلەن چاپتى. لېكىن، ئوتۇن لەپەڭشىگىنىچە يەرگە يىقىلدى. ھېلىقى ئادەم ئوتۇننى قايتىدىن تىكلىدى ۋە توڭلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئېغىزىنىڭ ھورى بىلەن پۈۋلەپ ئىسسىتقاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم ئېھتىيات ئىلكىدە چاپتى، ئۇ رېزىنكە ئايىغىنى ياكى بارماقلىرىنى چېپىۋېلىشتىن قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوتۇن يەنە بىر قېتىم يىقىلدى.

سكۋورتسوۋنىڭ ئاچچىقى تولۇق پەسەيگەن ۋە بىئارام بولۇپ، خىجىللىق ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. بەلكىم ئۇ ئەركە ئۆگىنىپ قالغان، ھەتتا كېسىلى بار بولۇشى مۇمكىن بولغان بۇ زابوينى سوغۇق لاپاستا بۇنچە ئېغىر ئىشقا سالماسلىقى كېرەك بولغىيدى.

ــــ ھىم، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، قېنى قىلىپ باقمسۇنمۇ ... ــــ ئۇ شۇلارنى ئويلىغىنىچە ئاشخانىدىن كۇتۇپخانىسىغا چىقىپ كەتتى، ــــ مەنمۇ ئۇنىڭغا ياخشى بولسۇن دەيمەنغۇ ئاخىر.

بىر سائەتتىن كېيىن ئولگا كېلىپ، ئوتۇنلارنىڭ يېرىلىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى.

ــــ ماۋۇ يېرىم رۇبلىنى ئۇنىڭغا بېرىڭ، ــــ دېدى سكۋورتسوۋ، ــــ ئەگەر ئۇ خالىسا ھەر ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئوتۇن يارغىلى كەلسۇن ... قىلغۇدەك ئىش چىقماي قالمايدۇ.

كېيىنكى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئۈستىبېشى جۇل ـ جۇل، بەئەينى تىلەمچىگە ئوخشايدىغان ھېلىقى كىشى يەنە كېلىپ، يېرىم رۇبلىغا ئىشلەپ قايتىپ كەتتى. گەرچە ئۇ ئاران ـ ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن دائىم سكۋورتسوۋنىڭ ھويلىسىدا پەيدا بولىدىغان بولدى. سكۋورتسوۋ ھەر قېتىم ئۇنىڭغا قىلغۇدەك ئىش تېپىپ بېرەتتى. بەزىدە ئۇنى قارلارنى دۆۋىلەشكە بۇيرۇسا، بەزىدە لاپاستىكى ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى رەتلەشكە، يەنە بەزىدە گىلەم ۋە كارىۋات سېلىنچىسىدىكى توپا ـ چاڭلارنى قېقىشقا بۇيرۇتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئوتتۇز ـ قىرىق كوپېيك (كوپېيك ــــ

رۇسيه پۇلىنىڭ پارچىسى) ئىش ھەققى ئالالايتتى. ھەتتا، بىر قېتىم سكۋورتسوۋ ئۇنىڭغا كونا ئىشتاندىن بىرنى سوۋغا قىلغانىدى.

سكۋورتسوۋ ئۆي كۆچكەندە، نەرسە ـ كېرەكلەرنى رەتلەش ۋە ئۆي جاھازىلىرىنى توشۇش ئۈچۈن يەنە ھېلىقى كىشىنى تېپىپ كەلدى. جۇل ـ جۇل كىيىملىك كىشى بۇ قېتىم ھاراق ئىچمىگەن، چىرايى تۇتۇلغان بولۇپ، كەمدىن كەم گەپ قىلاتتى. ئۇ ئۆي جاھازىلىرىغا يېقىنمۇ كەلمەستىن، يۈك ھارۋىسىغا ئەگىشىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭغا ھەتتا ئىش قىلغۇسى باردەك سىياقتا كىرىۋېلىشمۇ خوشياقمايۋاتقاندەك قىلاتتى ۋە سوغۇقنىڭ دەردىدىن بويىنى تۇگۇۋالغانىدى. ھارۋىكەشلەر ئۇنى ھورۇن، زەئىپ، پەلتوسى جۇل ـ جۇل دەپ مازاق قىلغاندا، ئۇ خىجىللىقتا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالاتتى. سكۋورتسوۋ ئۆيىنى كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن، خىزمەتچىسىنى ئۇ كىشىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ــ مەنچە گەپلىرىم سىزگە تەسىر قىلغاندەك تۇرىدۇ، ــ دېدى ئۇ بىر رۇبلى پۇلنى ئۇنىڭغا تەڭلىگەچ، ــ مانا بۇ ئىش ھەققىڭىز. مەنچە سىز ھاراق ئىچمەپسىز، ئىش قىلىشقىمۇ مەيلىڭىز باردەك تۇرىدۇ. ئىسمىڭىز نېمە؟

ــ لۇشكوۋ.

ــ ئۇنداقتا، لۇشكوۋ، ئەمدى مەن سىزگە پاكىزراق باشقا بىر خىزمەت تېپىپ بېرەي. خەت كۆچۈرۈشنى بىلەمسىز؟

ــ بىلىمەن، ئەپەندىم،

ــ ياخشى، ئۇنداقتا مۇنۇ خەتنى ئاپىرىپ، ئەتە مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىمنى ئىزدەڭ. ئۇ سىزگە خەت كۆچۈرىدىغان خىزمەت بېرىدۇ. ياخشى ئىشلەڭ، ھاراقنى تاشلاڭ، سىزگە ئېيتقانلىرىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ، خەير خوش!

سكۋورتسوۋ بۇ ئادەمنى ئاخىرى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى. ئۇ قىزغىنلىق ئىلكىدە لۇشكوۋنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويىدى، ھەتتا خوشلىشىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا قولىمۇ ئۇزاتتى. لۇشكوۋ خەتنى ئېلىپلا كېتىپ قالدى ۋە ئىككىنچىلەپ بۇ ئۆيگە ئىش قىلغىلى كېلىپ باقمىدى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى سكۋورتسوۋ تىياتىرخانىنىڭ بېلەتخانىسىدىن بېلەت ئېلىۋاتقاندا، يېنىدا بويى پاكار، ئۈچىسىغا قوزا تېرىسىدىن ياقا تۇتۇلغان چاپان، بېشىغا دېڭىز ئىتىنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن كونا خۇرۇم شلەپە كىيگەن بىر كىشىنى كۆردى. بۇ پاكىنەك ئادەم قورۇنۇپراق بېلەت ساتقۇچىدىن ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ بېلىتىدىن بىرنى ئېلىپ، بەش كوپېيكلىك تەڭگە پۇلدىن بىر قانچىنى بەردى.

ــ لۇشكوۋ! بۇ سىزغۇ؟ ــ دېدى سكۋورتسوۋ، ئۇ سابىق ئوتۇن يارغۇچىسىنى تونۇۋالغانىدى، ــ ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ كۈنلىرىڭىز ياخشىدۇ؟

— قەدىر ئەھۋال، ھازىر جامائەت گۇۋاھچىسىنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتىمەن، ئايدا 35 رۇبلى تاپىمەن، ئەپەندىم.

— تەڭرىگە شۈكۈر! تولىمۇ ياخشى بوپتۇ. سىز ئۈچۈن خۇشالمەن، ئىنتايىن، ئىنتايىن خۇشالمەن، لۇشكوۋ! مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سىز مېنىڭ تۇتۇق ئوغلۇم ھېسابلىنىسىز. سىزنى توغرا يولغا كىرگۈزگەن ئادەم مەن. ئەينى چاغدا سىزگە قانداق تەنبىھ بەرگەنلىرىم ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ چاغلاردا خىجىللىقتىن ئۆزىڭىزنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتىڭىز. بوپتۇ، رەھمەت، سۆيۈملۈك دوستۇم، سۆزلىرىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىڭىزغا رەھمەت.

— دەرۋەقە سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، — دېدى لۇشكوۋ، — ئەگەر ئەينى چاغدا سىزنى ئىزدەپ بارمىغان بولسام، بەلكىم بۈگۈنگىچە ئوقۇتقۇچى ياكى ستۇدېنت سىياقىغا كىرىۋېلىپ يۈرۈشۈم مۇمكىن ئىدى. شۇنداق، مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارغاندىن كېيىن قۇتۇلدۇم، توزاقتىن چىقىۋالدىم.

— مەن ئىنتايىن، ئىنتايىن خۇشالمەن!

— سىزنىڭ سەمىمىي سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭىزگە رەھمەت. ئەينى چاغدا سىز ھەقىقەتەن قالتىس سۆزلىگەنىدىڭىز، مەن ھەم سىزگە، ھەم ئۆيىڭىزدىكى ئاشپەز ئايالغا رەھمەت ئېيتىمەن. تەڭرىم ئاق كۆڭۈل ھەم ئالىيجاناب ئۇ ئايالنىڭ تېنىنى سالامەت قىلغاي! سىز ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقانىدىڭىز، مەن بۇ جەھەتتە تاكى ئۆلگۈچە مىننەتدارمەن. لېكىن، راستىنى ئېيتقاندا، مېنى قۇتقۇزغىنى ئەمەلىيەتتە ئۆيىڭىزدىكى ئاشپەز ئايال ئولگا ئىدى.

— بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟

— مۇنداق گەپ! دەسلەپتە مەن ئۆيىڭىزگە ئوتۇن يارغىلى بارغىنىمدا، ئۇ ھەر دائىم: «ھوي زابوي! جاھانغا سىغمىغان تېجىمەل! ئۆلسەڭ بولمامدۇ!» دەپ گەپ باشلايتتى. ئاندىن ئارقىمدا ئولتۇرۇپ، غەمكىن ھالدا يۈزۈمگە قاراپ يىغلىغىنىچە: «سەن بىتەلەي ئادەمسەن! بۇ دۇنيادا راھەت كۆرمىدىڭ، ئۇ دۇنياغا بارساڭمۇ، سەندەك زابويلار دوزاختىقا كىرىپ، ئوتتا كۆيىدۇ! ۋاي بىتەلەي بايقۇش!» دەيتتى. بىلەمسىز؟ ئۇ ساپلا مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن، مەن ئۈچۈن قانچىلىك يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى، قانچىلىك ياش تۆكتى؟ بۇلارنى سىزگە دەپ بولۇشقا ئامالسىزمەن. لېكىن مۇھىمى، ئۇ مېنىڭ ئورنۇمغا ئوتۇن يېرىپ بېرەتتى. بىلەمسىز؟ ئەپەندىم، مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بىر پارچىمۇ ئوتۇن يېرىپ باققىنىم يوق، ئوتۇنلارنىڭ ھەممىنى ـ ئۇ يارغان! ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى قۇتقۇزىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا قاراپسالا ناچار خۇيلىرىمنى ئۆزگەرتىپ، ھاراق ئىچمەسلىككە بەل باغلايمەن. بۇلارنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. مەن پەقەت شۇنى بىلىمەنكى، ئۇنىڭ ئاشۇ گەپلىرى ۋە ئالىيجاناب قىلمىشلىرى روھىمدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. مېنى ئۇ قۇتقۇزدى. مەن بۇ ئىشنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. لېكىن، ئەمدى مەيدانغا كىرمىسەك بولمايدۇ، قوڭغۇراق چېلىنىۋاتىدۇ.

لۇشكوۋ يېنىك تەزىم قىلىپ خوشلاشقىنىچە، ئورنىنى ئىزدىگىلى ماڭدى.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى


مىسلىسىز ئويغىنىش
S
UCC
كىشىلىك مۇۋەپپىقىيەت رېتسىپلىرى
براين چېيىسى

# كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت رېتسېپلىرى

برايىن چېيىسى (ئامېرىكا)

## بىر ئىشنى قىلغاندا، باشقا ئىشلار بىلەن ھەپىلەشمەڭ

«ھەقىقىي كۈچنىڭ سىرى مۇشۇ يەردىدۇر. تەكرار ئۇرۇنۇش ئارقىلىق، ئىمكانلىرىڭىزنى قانداق باشقۇرۇشنى ۋە ئۇلارنى مۇئەييەن بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىڭ» ـ جېيمس ئالىن (James Allen).

ئىشلارنى پىلانلاشنىڭ، ئۇلارنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە تەرتىپلەشنىڭ ۋە تەشكىللەشنىڭ ئاستىدا مۇنۇ ئاددىي ئۇقۇم ياتىدۇ:

يۈكسەك خىزمەت ئىپادىسى ۋە كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى — ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشنى قىلىش، ئۇنى دەرھال باشلاش ۋە پۈتتۈرگەنگە قەدەر شۇ ئىشقا مەركەزلىشىش ئىقتىدارىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغاندۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا، شۇنىڭ ئالدىدىكى مۇشكۈل ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تىرىشچانلىقلار بار.

شۇنداقلا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى روياپقا چىقىرىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى «ھازىر»نىڭ ئۆزىدە قىلالايدىغان ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى تېپىپ چىقىپ، ئاندىن «ئاشۇ پاقىنى يەۋېتىش»تۇر.

ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ!

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماڭ! ھازىرنىڭ ئۆزىدە قىلالايدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىڭىزنى ياكى پىلانىڭىزنى بەلگىلەڭ ۋە دەرھال شۇ ئىشقا ئاتلىنىڭ!

ئەڭ مۇھىم ئىشىڭىزنى باشلىغاندىن كېيىن، شۇ ئىشنى تەلتۆكۈس تاماملاشتىن ئىلگىرى تاشلاپ قويماڭ! بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ پۈتتۈرۈشكە بەل باغلىغان ئىشنى پۈتتۈرەلەيدىغان بىرى ياكى ئەمەسلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان سىناق دەپ بىلىڭ.

ئىشنى باشلىغانىكەنسىز، ھەرگىز يېرىم يولدا تاشلاپ قويماڭ!

## خاتىمە

خۇشاللىق، رازىمەنلىك، زور مۇۋەپپەقىيەتلەر، قابىلىيەت ۋە ئۈنۈمدارلىق ئاتا قىلغان ئاشۇ پەۋقۇلئاددە تۈيغۇنى ھېس قىلىشىنىڭ چارىسى، ئىشنى باشلىغاندىن تارتىپ، ھەركۈنى شۇ كۈنلۈك «پاقا»نى يەۋېتىشتۇر.

شۇنداقلا، بۇ سىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا تەكرارلاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بىر قابىلىيەتتۇر. ئەگەر سىز ئەڭ مۇھىم ئىشنى دەسلەپتە قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلىسىڭىز، «مۇۋەپپەقىيەت سىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.»

ئەمدى، سىزگە ئىشلارنى كەينىگە سۈرەشتىن ۋاز كېچىشىنىڭ، ھورۇنلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋە ئاز ۋاقىتتا كۆپ ئىش قىلىشىنىڭ 21 تۈرلۈك چارىسىنىڭ جەۋھىرىنى تونۇشتۇرىمىز. بۇ قائىدە ـ پىرىنسىپلار تاكى تەپەككۇرىڭىزنىڭ ۋە قىلمىشىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانغا قەدەر، ئۇلارنى قەرەللىك ھالدا كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇڭ.

1. نىشانىڭىز ئېنىق بولسۇن: نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېنىق بەلگىلەڭ. نىشانىنىڭ ئېنىق بولۇشى پەۋقۇلئاددە مۇھىمدۇر. ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى نىشان ۋە غايىلىرىڭىزنى قەغەزگە يېزىڭ.

2. ھەركۈنلۈك ئىشلارنى ئالدىن پىلانلاڭ: تەپەككۇرىڭىز قەغەز ئۈستىدە بولسۇن. پىلانلاشقا قانچىلىك ۋاقىت ئاجراتسىڭىز، ھەربىر ئۆتكەندە شۇنىڭ بەش ھەسسىدىن ئون ھەسسىگىچە ۋاقىت ئۇتالايسىز.

3. ھەر ئىشقا «20/80 قائىدىسى»نى تەدبىقلاڭ: قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىڭىزنىڭ سەكسەن پىرسەنتىگە قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىكى يىگىرمە پىرسەنتى سەۋەب بولغان بولىدۇ. شۇڭا، زېھنىڭىزنى ئاشۇ يىگىرمە پىرسەنتلىك مۇھىم ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈڭ.

4. نەتىجىنى ئويلىشىڭ: سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم، كۈنتەرتىپىڭىز ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئىشلار سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا ياكى خىزمىتىڭىزگە ئەڭ زور — ئىجابىي ياكى سەلبىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلاردۇر. سىز چوقۇم زېھنىڭىزنى شۇ ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈڭ.

5. «ئىجابىي كېچىكتۈرۈش تېخنىكىسى»نى قوللىنىڭ: ھەممە ئىشقا تەڭ يېتىشىپ بولالىشىڭىز مۇمكىن بولمىغاچقا، ئەھمىيىتى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان ئىشلارنى قەستەن كېچىكتۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلسىڭىز، ھەقىقىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىشلارغا ۋاقىت ئاجرىتالايسىز.

6. ھەرۋاقىت «A، B، C، D، E مېتودى»نى قوللىنىڭ: ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى «خىزمەت تىزىملىكى»دىن بىرنى تۈزۈپ چىقىڭ. ئاندىن مەزكۇر تىزىملىكتىكى ئىشلارنى ئەھمىيىتىگە ۋە تەخىرسىزلىكىگە كۆرە رەتكە تۇرغۇزۇڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئەڭ مۇھىم ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا كاپالەتلىك قىلالايسىز.

7. نەتىجىسى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ساھەلەرگە مەركەزلىشىڭ: ئىشىڭىزنى ياخشى بېجىرەلەش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزدە قانداق ئىقتىدار ۋە ماھارەتلەرنى ھازىرلىشىڭىز كېرەكلىكىنى بىلىڭ ۋە ئاندىن شۇنىڭغا كۆرە ئۆزىڭىزنى كۈچلەندۈرۈڭ.

8. «ئۈچ قانۇنىيىتى»گە رىئايە قىلىڭ: خىزمىتىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ ئىشنى تېپىپ چىقىڭ. سىزنىڭ شىركىتىڭىزگە قوشقان تۆھپىڭىزنىڭ توقسان پىرسەنتى ئاشۇ ئۈچ ئىشتىن كەلگەن بولىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ ئۈچ ئىشنى ياخشى قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئاندىن ئائىلە ۋە تۇرمۇشىڭىزغا تېخىمۇ كۆپ زېھىن ۋە ۋاقىت ئاجرىتالايسىز.

9. ئاۋۋال پۇختا تەييارلىق قىلىپ، ئاندىن ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ: خىزمەتنى باشلاشتىن ئىلگىرى، بارلىق ماتېرىياللار، ئۇچۇرلار، ئۈسكۈنە ـ ئەسلىھەلەر، كېرەكلىك ئەشيالار قاتارلىق ھەممە تەييارلىقلارنى پۇختا قىلىۋېلىڭ. ئاندىن پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن خىزمەتكە ئاتلىنىڭ.

10. ھەر قېتىمدا يېقىنقى مەنزىلنى نىشان قىلىڭ: قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەش ئارقىلىق، ئەڭ زور ۋە مۇرەككەپ ئىشلارنىمۇ روياپقا چىقىرالايسىز.

11. يادرولۇق ماھارىتىڭىزنى تاكامۇللاشتۇرۇڭ: ئۆزىڭىز ئۈچۈن يادرولۇق بولغان ساھەدىكى بىلىمىڭىز قانچە مۇكەممەل، ماھارىتىڭىز قانچە كامىل بولسا، ئىشنى شۇنچە تېز باشلاپ، شۇنچە تېز تاماملىيالايسىز.

12. ئەڭ مۇھىم چەكلىگۈچى ئامىللارنى تېپىپ چىقىڭ: ئەڭ مۇھىم نىشانلىرىڭىزغا يېتىشىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان، ئىچكى ياكى تاشقى چەكلىگۈچى ئامىللارنى تېپىپ چىقىڭ ۋە ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىڭ.

13. ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە بېسىم قىلىڭ: بىر ئايلىق سەپەرگە چىقىدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ ۋە شۇ سەپەرگە مېڭىشتىن ئىلگىرى بارلىق مۇھىم ئىشلىرىڭىزنى تاماملاۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىشلەڭ.

14. ئۈمىدۋار بولۇڭ: ئۆز ـ ئۆزىڭىزنىڭ مەدەتچىسى بولۇڭ! ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاڭ. زېھنىڭىزنى مەسىلىگە ئەمەس، چارىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈڭ. ھەردائىم ئۈمىدۋار بولۇڭ.

15. تېخنىكىنىڭ قۇلى بولۇپ قالماڭ: تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارغا باغلىنىپ ئۆتكۈزگەن ۋاقتىڭىزنى ئازايتىڭ. ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلىرىڭىزنى ئېتىپ قويۇشقا ئادەتلىنىڭ.

**16. تېخنىكا سىزنى ئەمەس، سىز تېخنىكىنى باشقۇرۇڭ:** تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلىرىڭىزنى ئەڭ مۇھىم ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەھمىيەتسىز ئىشلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىڭ.

**17. دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈڭ:** ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەرنى تاماملىشىڭىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان، دىققىتىڭىزنى چاچىدىغان ئىشلاردىن قول ئۈزۈڭ.

**18. ئىشىڭىزنى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈڭ:** زور ۋە مۇرەككەپ ئىشلارنى كىچىك پارچىلارغا بۆلۈڭ ۋە ئىشلارنى شۇ بويىچە بىر بۆلەك، بىر بۆلەكتىن تاماملاڭ.

**19. ئۆزىڭىز ئۈچۈن كەڭ ۋاقىت بۆلەكلىرى ئاجرىتىڭ:** كۈنىڭىزنى مۇئەييەن ۋاقىت بۆلەكلىرىگە بۆلۈڭ ۋە شۇ ئارقىلىق زېھنىڭىزنى مۇھىم ئىشلارغا قارىتالايدىغان ۋاقتىڭىزنى كۆپەيتىڭ.

**20. جىددىيلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈڭ:** ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلىنىڭ. ئىشلارنى تېز ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملايدىغان كىشى سۈپىتىدە تونۇلۇڭ.

**21. بىر ئىشنى قىلغاندا، باشقا ئىشلار بىلەن ھەپىلەشمەڭ:** تەخىرسىز ئىشلىرىڭىزنى ئېنىق بەلگىلەڭ ۋە ئەڭ مۇھىم ئىشىڭىزنى دەرھال باشلاڭ. شۇنداقلا، ئاشۇ ئىشنى تەلتۆكۈس پۈتتۈرمەي تۇرۇپ تاشلاپ قويماڭ. خىزمەتتىكى ئىپادىنىڭ يۇكسەك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتكە باشلايدىغان يول ئەنە شۇدۇر.

**تاكى بۇ پىرىنسىپلار ھاياتىڭىزنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلانغانغا قەدەر، بۇلارنى ھەركۈنى تۇرمۇشىڭىزغا تەدبىقلاڭ.**

**مەزكۇر ئەسەردە بايان قىلىنغان تەۋسىيەلەرنى ئادىتىڭىزگە ئايلاندۇرغىنىڭىزدا، كېلەچىكىڭىزنىڭ نە قەدەر پارلاق بولىدىغانلىقىغا ئۆزىڭىزمۇ ھەيران بولماي تۇرالمايسىز.**

«ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ» ناملىق كىتابتىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى




# شىۋېتسىيە بىلەن فىنلاندىيە نېمە ئويلاۋاتىدۇ؟

ستىفىن ۋالت

# شۋېتسىيە بىلەن فىنلاندىيە قانداق چوت سوقۇۋاتىدۇ؟

ستىفېن ۋالت

(خاۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىلمى پروفېسورى)

كۆڭۈلدىكىدەك نەزەرىيەلەرنىڭ پايدىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ قارىماققا ھەيران قالارلىق، ياكى ئەڭ كەمدە كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان ئىشلارنى چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۋېتسىيە بىلەن فىنلاندىيەنىڭ ئۇزۇن يىللىق بىتەرەپ مەۋقەسىدىن ۋاز كېچىپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلىشى ئەنە شۇ خىل كىشىنى گاڭگىرىتىدىغان ۋەقەلەرنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

بىر قاراشقا، مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ بۇنداق قارار چىقىرىشىنىڭ سەۋەبى تولىمۇ روشەندەك كۆرۈنىدۇ. رۇسىيە تولىمۇ رەھىمسىز تەرزدە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئەڭ ۋەيران قىلغۇچ ئۇرۇشنى قوزغىدى. ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشى ۋە ۋەيران قىلغۇچ قاتمال ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، شۋېتسىيە بىلەن فىنلاندىيە: «بىزنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىمىز ناچارلىشىۋاتىدۇ» دېگەن يەكۈنگە كېلىپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچلۈك قوغداشقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتى. ئەگەر سىز ئالىي مەكتەپتە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان بولسىڭىز، بۇنى «كۈچ تەڭپۇڭلۇقى نەزەرىيەسى»نىڭ (balance - of - power theory) تىپىك ئۆرنەكلىرىدىن بىرى دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن.

لېكىن، بۇ خىل ئىزاھات يەنىلا بۇ جەھەتتىكى بىر قانچە سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بىتەرەپلىك سىياسىتىدىن ۋاز كېچىش تولىمۇ ھالقىلىق بىر قەدەم بولۇپ، كەلگۈسىدە غايەت زور بەدەل ۋە خەۋپكە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ كەلگەن، مەزكۇر تەشكىلاتقا ئەزا بولماي ـــ تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھېچقانچە بەدەل تۆلىمەي ـــ تۇرۇپلا، ئۇنىڭغا ئەزا بولۇشتىن كېلىدىغان نۇرغۇن پايدىلاردىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن شۋېتسىيە ئۈچۈن ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنداقتا، بۇ ئىككى دۆلەت زادى نېمىشقا مەۋقەسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ قالدى؟

تېخىمۇ مۇھىمى، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدىكى ناچار ئىپادىسى سەۋەبلىك، «بۇ ئۇرۇش شۋېتسىيە بىلەن فىنلاندىيەنى چۆچۈتۈۋەتمەستىن، ئۇلارنى تېخىمۇ بەكرەك خاتىرجەم قىلسا توغرا بولىدۇ» دېيىش مۇمكىن. ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇش رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇشقا ماھىر ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. شۇنداقلا، غەربنىڭ ئىقتىسادىي جازالىرى، رۇسىيەنىڭ مەزكۇر ئۇرۇش ئۈچۈن

سەرپ قىلغان چىقىملىرى، رۇسىيەدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ تۈركۈملەپ چەت ئەللەرگە ئېقىشى.، شۇنداقلا رۇسىيە نوپۇسىنىڭ ئىزچىل ئازلاۋاتقانلىقى ۋە قېرىلىشىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، ئالدىمىزدىكى يىللاردا رۇسىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچى تېخىمۇ ئاجىزلىشىدۇ. ئەگەر شىۋېتسىيەنىڭ پۈتۈن سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى داۋامىدا، جۇملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەڭ قۇدرەتلىك هالغا كەلگەن چاغلاردىمۇ بىتەرەپ تۇرغانلىقىنى ئويلىساق، شىۋېتسيەنىڭ (شۇنداقلا فىنلاندىيەنىڭ) بۈگۈن (يەنى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، رۇسىيەنىڭ كۈچى ئاجىزلاۋاتقان بىر پەيتتە) شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولغۇسى كېلىپ قېلىشى كىشىنى گاڭگىراتماي قالمايدۇ.

ئۇزۇندىن بۇيان ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگىنىمىدەك، ئەگەر بىز ئەنئەنىۋى «كۈچ تەڭپۇڭلۇقى نەزەرىيەسى»نىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتسەك، يۇقىرىقىدەك تېپىشماقلار ئۆزلۈكىدىن يېشىلىدۇ. ھەرقايسى ئەللەر ھەقىقەتەن كۈچ تەڭپۇڭلۇقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، لېكىن ئۇلار ئەڭ بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان نەرسە تەھدىتتۇر. بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە شەكىللەندۈرىدىغان تەھدىتنىڭ ۋەزنى قىسمەن هالدا تەھدىت سالغۇچى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچىگە باغلىق بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ (باشقا ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش ياكى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈش قاتارلىق) مۇئەييەن ھەربىي ئىقتىدارلىرىغا، جۇغراپىيەلىك يېقىنلىقىغا ۋە ئۇنىڭ بىلىنگەن غەرىزىگىمۇ باغلىق بولىدۇ.

ئادەتتە، يېقىنىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تەھدىتى يىراقتىكى دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، باشقا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە ئەلالاشتۇرۇلغان قوشۇنغا ئىگە دۆلەتلەر ئۆز زېمىنىنى قوغداشنى ئاساسىي غايە قىلغان قوشۇنغا ئىگە دۆلەتلەردىن تېخىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ. يەنە شۇنداقلا، مەۋجۇت ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، مەۋجۇت ۋەزىيەتكە رازى بولغان دۆلەتلەر باشقا ئەللەرنى ئۇنچە بەك ساراسىمىگە سالمايدۇ.

«تەھدىت تەڭپۇڭلۇقى نەزەرىيەسى» (Balance-of-threat theory) ئىراقنىڭ 1990-يىلى كۇۋەيتنى ئىشغال قىلىۋېلىشىنىڭ قانداقسىغا ئىراقنىڭ ئىقتىسادىي ئۆلىنى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىدە تۇرىدىغان ھەربىي كۈچىنى تارمار قىلىۋەتكەن، تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى ئىتتىپاقنىڭ (balancing coalition) ۋۇجۇدقا چىقىشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇنداقلا، ئۇ يەنە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشىغا بۇ قەدەر جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىراقتا قەد كۆتۈرۈۋاتقان خىتايغا مۆتىدىل مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. خىتاي رۇسىيەدىن بەكلا كۈچلۈك، شۇنداقلا ياۋروپاغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئۇزۇن مەزگىللىك خىرىس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ يەنە بىر چېتىگە جايلاشقان ھەمدە هازىرچە ياۋروپاغا تەھدىت سالالىغۇدەك ھەربىي كۈچكە ئىگە ئەمەس.

شۇنىسى روشەنكى، شىۋېتسيە بىلەن فىنلاندىيەنىڭ (شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش) قارارىغا مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ رۇسىيەنىڭ غەرىزىگە بولغان تونۇشىدىكى ئۆزگىرىش سەۋەب

بولغان. شۋېتسىيەنىڭ باش ۋەزىرى ماگدالېنا ئاندېرسوننىڭ (Magdalena Andersson) مۇخبىرلارغا ئېيتقىنىدەك، شۋېتسىيە رۇسىيەنىڭ «زوراۋانلىق قىلىش» ۋە «غايەت زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش» خاھىشىغا بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتكەنلىكى سەۋەبلىك، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنغان. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، رۇسىيەنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى شۋېتسىيە ئۈچۈن يادرولۇق ئامىل ئەمەس. رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ زادى ھەقىقىي كېڭەيمىچى ياكى ئەمەسلىكى؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇشنى قوزغىشىغا كۈچلۈك خەۋپ تۇيغۇسىنىڭ سەۋەب بولغان ـ بولمىغانلىقىنىڭ كارايىتى چاغلىق، مۇھىمى پۇتىننىڭ ئۇرۇش قوزغىغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىقتۇر.

شۋېتسىيە بىلەن فىنلاندىيەنىڭ (شۇنداقلا ئومۇمىي غەرب ئەللىرىنىڭ) ئىنكاسى بىزنى دۆلەتلەرنىڭ تەھدىتكە قانداق قارايدىغانلىقى ۋە قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئادەتتە، دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئېچكى تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئىزچىل كۈچىيىۋاتقان، لېكىن (ھازىرچە بولسىمۇ) بۇ خىل كۈچ ئارقىلىق مەۋجۇت ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ياكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچىيىشكە ئۇرۇنمىغان دۆلەتلەرگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى قارار قىلىشتا تېخىمۇ بەكرەك قىينىلىدۇ.

لېكىن، بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭمۇ ئىستىسنالىرى بار. مەسىلەن، ئامېرىكا 19 ـ ئەسىردە شىمالىي ئامېرىكادا كېڭەيمىچىلىك قىلغان ۋە مېكسىكىنى پارچىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق جازاغا ئۇچرىمىغانىدى. چۈنكى، ئامېرىكا بىلەن غەربتىكى باشقا چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدا غايەت زور ئوكيان بار ئىدى، شۇنداقلا ياۋروپا ئەللىرى بۇ چاغدا بىر ـ بىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان بولغاچقا، يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئامېرىكاغا قارىغۇدەك ھەپىلىسى يوق ئىدى. لېكىن، يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دۆلەتلەر ئىشتانغا پاتماي، ھەر تەرەپتە كۈچىنى كۆز ـ كۆز قىلىپلا يۈرمىگەن تەقدىردە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئىزچىل كۆپىيىۋاتقان بايلىقىدىن نەپ ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇلارنى چەكلەشكە كۈچەپ كەتمەسلىكى ئېھتىمالغا يېقىن.

باشقا دۆلەتلەر يېڭىدىن كۈچىيىۋاتقان دۆلەتكە يېقىندىن دىققەت قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز كۈچىنى بىۋاستە ئىشقا سالماقچى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشمىغۇچە، ئۇلارنىڭ ئىنكاسى ئۇنچە جىددىي بولماسلىقى مۇمكىن. خىتاينىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ بۇ قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى ھەمدە خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭنىڭ كەسكىن قىلمىشلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەندىشىلىرىگە سەۋەب بولۇشىنىڭ ھېكمىتى دەل مۇشۇ.

كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پۇتىننىڭ نېمە غەرىزى بار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ۋەزىيەتنى پەۋقۇلئاددە ئېغىر دەرىجىدە خاتا مۆلچەرلەپ قويغانلىقى شەكسىزدۇر. ئۇ ئۇكرائىنادىكى مىللەتچىلىك خاھىشىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ، رۇسىيەنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ ئويلىۋالدى. باشقا تاجاۋۇزچىلارغا ئوخشاشلا، ئۇمۇ چەتئەل سىياستى رېئاللىقىدىكى «دۆلەتلەر تەھدىتنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئىش كۆرىدۇ»

دېگەن نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ھالبۇكى، مەۋجۇت ۋەزىيەتنى قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش بىر دۆلەتتىن سادىر بولىدىغان ئەڭ خەۋپلىك ئىشلاردىن بىرىدۇر.

گاھىدا ئۇرۇش قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ، يەنە گاھىدا ئۇرۇش ئۆزىنى قوزغىغۇچى دۆلەتكە ئوبدان نەپ بېرىپمۇ قالىدۇ. لېكىن، ئۇرۇش قوزغاش ھەر ۋاقىت باشقا دۆلەتلەرنى ساراسىمىگە سالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەھدىتنى يوقىتىش ئۈچۈن بىرلىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ. پۇتىن بەلكىم «ياۋروپا ئەللىرى بەكلا تارقاق، شۇنداقلا رۇسىيەنىڭ نېفىت ۋە گازلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە تايانغاچقا، رۇسىيەنىڭ ھەرىكىتىگە قارشى چىقمايدۇ» دەپ قاراپ، ئۆز نىشانىنى تېز سۈرئەتتە ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاندىن قالغان ئىشلارنى نورمال رەۋىشتە داۋاملاشتۇرالايدىغانلىقىغا دو تىككەن بولۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، ئۇ رۇسىيەنىڭ غەربىزگە بولغان كۆز قاراشىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن مەنبەلەنگەن تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى قىلمىشقا دۇچ كەلدى. ئاتالمىش «ئۇكرائىنا ناتىسىستلىرى»غا بولغان چېكىدىن ئاشقان تەنقىد ۋە رۇسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇكرائىنادىكى ياۋۇز قىلمىشلىرى شۋېتسىيە بىلەن فىنلاندىيەنىڭ بۇنداق قارار چىقىرىشىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇردى.

ئۇنداقتا، شۋېتسىيە بىلەن فىنلاندىيەنىڭ بارچە دەردى پەقەت مۇشۇلارلىمۇ؟ مەنچە ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ئۇكرائىنانى تېز سۈرئەتتە ئىلغار قوراللار بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ــــ شۇنداقلا كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئارقا سەپ ئىقتىدارى ــــ مەزكۇر تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشنىڭ كۈرسىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا، غەرب ئەللىرىنىڭ ئۇكرائىناغا بولغان كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان قوللىشىغا قارىتا، رۇسىيەنىڭ تۈزۈكرەك چارە ــــ ھېچبولمىسا ھازىرچە ــــ قوللىنالمىغانلىقىمۇ شۋېتسىيە بىلەن فىنلانىيەنىڭ شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان تەقدىردە، رۇسىيەنىڭ ئۆچ ئېلىشى مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدىكى تەشۋىشلىرىنى ئازدۇر-كۆپتۇر يېنىكلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. «رۇسىيە بارغانسېرى ئاجىزلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ ئۇرۇشقاق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەن قاراشىنىڭ تۈرتكىسىدە، بىتەرەپ مەۋقەدىن ۋاز كېچىش تېخىمۇ ئاقىلانىلىكتەك كۆرۈنىدۇ.

شۋېتسىيە بىلەن فىنلاندىيەنىڭ مەزكۇر قارارىغا نېمە سەۋەب بولغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى تونۇپ يېتىشى كېرەك بولغان شۇنداق بىر ساۋاق باركى، دۆلەتلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ كۈچىگە تولىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار ئاشۇ كۈچتىنمۇ بەكرەك، مەزكۇر كۈچنىڭ قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىگە قارىتا تېخىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ. قولىدا توقمىقى بار كىشىنىڭ ئۇنى دائىم پۇلاڭلىتىپ يۈرمەستىن، سىلىق-سىپايە گەپ قىلىشى ئاقىلانىلىكتۇر.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://foreignpolicy.com/2022/05/18/nato-sweden-finland-russia-balance-threat/


ساغلاملىق
مېڭە ئۈچەي مۇناسىۋىتى
ئۈمد ئاقتاش

# چوڭ مېڭە — ئۈچەي لىنىيەسى

دوكتور ئۈمىد ئاقتاش
(ئۆسۈملۈك ئارقىلىق داۋالاش ئىلمى دوكتورى، تۈركىيەدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن دوختۇرلاردىن بىرى)

**ئۈچەيدىكى مىكروئورگانىزملار توپىنى (intestinal microbiota) ئۆزگەرتىش ئارقىلىقلا ئەقلىڭىزنى ۋە ئېسىڭىزنى** (بىزدە خىتايچىدىكى «记忆力» دېگەن ئاتالغۇنى سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە «ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى» دېيىلىپ كەلگەن ئىقتىدارىڭىزنى، ت) **قېرىشنىڭ تەسىرىدىن قوغدىيالايدىغانلىقىڭىزغا دالالەت قىلىدىغان تەتقىقاتلار مەۋجۇت. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى نېرۋا كېسەللىكلىرى بىلەن باكتېرىيە ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولۇشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى بايقاشلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۈگۈن بىز ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالغان «چوڭ مېڭە ـ ئۈچەي لىنىيەسى» بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.**

**2020 ـ يىلى «Molecular Psychiatry» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر تەتقىقات نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، مىكروئورگانىزملار توپىدىكى پايدىلىق باكتېرىيەلەرنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان، ئىنۇلىن (Inulin) مىقدارى مول يېمەكلىكلەر چاشقاننىڭ مېڭىسىدىكى قېرىشقا ئالاقىدار تەسىرلەرنى يېنىكلەتكەن. ئىنۇلىن بانان، پىياز، سامساق، غولپىياز، تاغ بوز تىكىنى ۋە توپا تامبۇر («تاتلىق زەنجىۋىل»مۇ دېيىلىدۇ) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن مېۋە ۋە كۆكتاتلاردا تېپىلىدۇ.**

**يېقىندا ئېلان قىلىنغان يەنە بىر تەتقىقات نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، ياش چاشقانلارنىڭ ئۈچەي يولىدىكى مىكروئورگانىزملار توپىدىن ئېلىنغان باكتېرىيەلەر قېرى چاشقانلارنىڭ ئېنىگە كىرگۈزۈلگەندە، مەزكۇر چاشقانلارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئىقتىدارى ياخشىلىنىپ، ئىممۇنىتېت كۈچ ئاشقان. شۇنداقلا، بۇ قېرى چاشقانلاردىكى قېرىشتىن مەنبەلەنگەن ئېسى ئاجىزلاش ۋە شەيئىلەرنى ئۆگىنىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەش مەسىلىلىرى يېنىكلىگەن؛ ئۇلار مەخسۇس لايىھەلەنگەن «سىرلىق ئوردا»غا (labyrinth) قويۇلغاندا، چىقىش يولىنى تېخىمۇ تېز تاپالايدىغان بولغان. مېڭىدىكى خىمىيىلىك ماددىلارنىڭ ۋە ئىممۇنىتېت ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سىناقلارمۇ مەزكۇر بايقاشلارنى قۇۋۋەتلىدى.**

**بۇلار ساغلام مىكروئورگانىزملار توپىنىڭ ياشانغانلارنىڭ چوڭ مېڭە ئىقتىدارىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تەتقىقاتلاردۇر. مىكروئورگانىزملار توپىنى نىشان قىلغان ئوزۇقلۇق ئەندىزىسى ۋە باكتېرىيەنى ئاساس قىلغان داۋالاش مېتودى ئارقىلىق چوڭ مېڭىنى ياش ۋە ساغلام تۇتۇشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن تەتقىقاتلار كەلگۈسىدىكى تىبابەت ساھەسىنى قايتىدىن شەكىللەندۈرىدۇ، ھەتتا ئاللىبۇرۇن شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى.**

**ھەيران قالارلىق بايقاشلار**

يېقىنقى ئون يىلدا ئۈچەي بىلەن مېڭە ئارىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرستىپ بېرىدىغان يۈزلىگەن، ھەتتا مىڭلىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىندى. ئۈچەيدىكى تىرىليونلىغان باكتېرىيەلەرنىڭ چوڭ مېڭىگە تەسىر قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزى نېرۋا كېسەللىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدىغان تەتقىقاتلارنىڭ سانىمۇ كۈندىن كۈنگە ئاشماقتا.

بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا بۇ ساھەدە زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن سىرت، بىز ھازىر مىكروئورگانىزملار توپىدىكى مۇئەييەن باكتېرىيەلەر، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چوڭ مېڭە بىلەن بولغان مۇرەككەپ ۋە كۆتۈلمىگەن مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. مەسىلەن، چاشقان تېنىدە ـــ يېقىندا ئىنسان تېنىدىمۇ ـــ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا كۆرستىلىشىچە، باكتېرىيەلەر پاركىنسون ۋە ئالزىمېر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولالايدىكەن.

**باكتېرىيەلەرنىڭ نېرۋا كېسەللىكلىرىدىكى تەسىرى**

تىترەش، مۇسكۇللارنىڭ قاتتىقلىشىشى ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ئاستىلاپ كېتىشى قاتارلىقلار ھەرىكەت ئىقتىدارىنى ماسلاشتۇرىدىغان نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ئۆلۈشكە باشلىغاندا كۆرۈلىدىغان پاركىنسون كېسىلىنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرىدۇر. گەرچە بۇ نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆلىدىغانلىقى تولۇق ئايدىڭلاشمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئالفا ـ سىنۇكلېيىن (Alpha ـ synuclein) دەپ ئاتىلىدىغان ئاقسىلنىڭ بۇ جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى مەلۇم. پاركىنسون كېسىلى بىمارلىرىدا مەزكۇر ئاقسىل خاتا تەرزدە قاتلىنىدىغان بولۇپ (Protein folding ـــ ئاقسىللارنىڭ قاتلىنىشى: ئاقسىل زەنجىرىنىڭ ئۈچ ئۆلچەملىك قۇرۇلمىغا ئايلىنىشىدىكى فىزىكىلىق جەريان، ئاقسىللار مۇشۇ جەرياندىن كېيىن ئاندىن بىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەگە ئىگە بولىدۇ، ت)، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە تېخىمۇ كۆپ ئاقسىلنىڭ خاتا تەرزدە قاتلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل زەنجىرسىمان رېئاكسىيەنىڭ نەتىجىسىدە، چوڭ مېڭىدە ئاقسىل مونەكچىلىرى شەكىللىنىدۇ. ئۇنداقتا، ئۈچەيدىكى باكتېرىيەلەر بىلەن پاركىنسون كېسىلىنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

* 2015 ـ يىلى، بىر قىسىم باكتېرىيەلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئالفا ـ سىنۇكلېيىن ئاقسىلىنىڭكىگە ئوخشاش ئاقسىل ھاسىل قىلغانلىقىغا ئاساسەن، ئۈچەيدىكى باكتېرىيەلەرنىڭ كېسەللىكلەردە رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دەرۋەقە، چوڭ ئۈچەي ئېشېرىخىيە باكتېرىيەسى (Escherichia coli) بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلغان چاشقانلارنىڭ تېنىدىكى ئالفا ـ سىنۇكلېيىن ئاقسىلىنىڭ مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئاشقان. بۇلتۇر ئېلان قىلىنغان بىر تەتقىقاتمۇ بۇ نەزەرىيەنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

* مەزكۇر زىيانلىق باكتېرىيە ئاداشقان نېرۋا (vagus nerve ـ ئاداشقان نېرۋا: نەپەس سىستېمىسى، ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋە يۈرەك قاتارلىق ئەزالارنىڭ سەزگۈسىنى باشقۇرىدىغان مېڭە نېرۋىسى، ت) ئارقىلىق ئۈچەيدىن مېڭىگە يېتىپ بارىدۇ دەپ قارالماقتا. 1970 ـ يىللاردا، ئاشقازان يارىسىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئوپېراتسىيە ئۇسۇلى بار بولۇپ، بۇنىڭدا ئاداشقان نېرۋىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق ئاشقازاننىڭ كىسلاتا ئىشلەپچىقىرىشى توختىتىلاتتى. ھالبۇكى، كېيىن بۇ خىل داۋالاشنى قوبۇل قىلغانلاردا تولىمۇ ئۆزگىچە «ئەكس تەسىر» كۆرۈلدى، يەنى بۇ بىمارلاردا پاركىنسون كېسلى پەۋقۇلئاددە ئاز ئۇچرىدى.

* ئاقسىلنىڭ خاتا تەرزدە قاتلىنىشىنىڭ ئالزېمېر كېسەللىكىنىڭ، شۇنداقلا ھەرىكەت نېرۋونى كېسەللىكىنىڭمۇ (ALS) ئەڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، «باكتېرىيەلىك ئاقسىللار بۇ خىل نېرۋا كېسەللىكلىرىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ» دەيدىغان قاراشلارمۇ مەۋجۇت.

### يېڭىچە داۋالاش مېتودى كۆز ئالدىمىزدا

ئۈچەيدىكى مىكروئورگانىزملار توپىدىكى زىيانلىق باكتېرىيەلەرنىڭ بەزى كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر توپتىكى پايدىلىق باكتېرىيەلەرنى «دورا» سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان تەتقىقاتلارمۇ مەۋجۇت.

مەلۇم بىر ئىلمىي تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، پايدىلىق باكتېرىيەلەر تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان نىكوتىنامىد (ۋىتامىن B3 دەپمۇ ئاتىلىدۇ) «ھەرىكەت نېۋرونى كېسەللىكى»گە گىرىپتار بولغان چاشقانلارغا بېرىلگەندە، مەزكۇر مولېكۇلا مېڭىگە كىرىپ كېسەللىك ئالامەتلىرىنى يەڭگىللەتكەن. مەزكۇر تەتقىقات دائىرىسىدە، ھەرىكەت نېۋرونى كېسەللىكى بىمارلىرىنىڭ مىكروئورگانىزملار توپىنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلگەندە، بۇ بايقاشنى قۇۋۋەتلەيدىغان سانلىق مەلۇماتلار قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەسلىدە، ھەرىكەت نېۋرونى كېسەللىكى بىمارلىرىنىڭ تېنىدىكى نىكوتىنامىد مىقدارى ساغلام كىشىلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ. ھالبۇكى، كىچىك تىپلىق بىر تەتقىقاتتا، بىر قىسىم ھەرىكەت نېۋرونى كېسەللىكى بىمارلىرىغا ۋىتامىن B3 تولۇقلىنىپ، يەنە بىر قىسمىغا بەزلەش دورىسى بېرىلگەن. تۆت ئايدىن كېيىن، ۋىتامىن B3 تولۇقلىمىسى بېرىلگەن گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى يېنىكلەپ، يەنە بىر گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ كېسلى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتكەن.

ئىتالىيەلىك ئالىملار بىكىنمىچىلىك كېسىلىنىڭ ئالامەتلىرى بار چاشقانلارنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، بۇ چاشقانلارنىڭ ئۈچىيىدىكى مىكروئورگانىزملار توپىدا لاكتوباسىلۇس سۈت كىسلاتاسى (Lactobacillus reuteri) باكتېرىيەلىرى يوقلۇقىنى بايقىغان. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىدە، لاكتوباسىلۇس سۈت كىسلاتاسى باكتېرىيەسى بېرىلگەن بارلىق چاشقانلارنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ يېنىكلىگەنلىكى بايقالغان. بۇ

باكتېرىيەنىڭ بېكىنمىچىلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان سەكسەن بالىغا بولغان تەسىرىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى تەتقىقات بۇلتۇر تاماملانغان بولۇپ، مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى ئالدىمىزدىكى ئايلاردا ئېلان قىلىنىدۇ.

## نېمىلەرنى بىلىۋالدۇق؟

ئالىملار كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى داۋالاش جەھەتتە مىكروئورگانىزملار توپىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرىدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ مېڭىدىكى خىمىيەلىك ماددىلارنى ئۆزگەرتىشنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى ۋە مىكروئورگانىزملار توپىنى قايتا شەكىللەندۈرۈشنىڭ تولىمۇ ئاسانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بىلگەنلىرىمىز ۋە بايقىغانلىرىمىز كىشىگە زور ئۈمىد بېغىشلايدۇ. پەقەت پايدىلىق باكتېرىيەلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش ۋە پايدىلىق باكتېرىيەلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان، تەركىبىدە خىمىيىلىك ماددىلار بار بولغان پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەردىن ساقلىنىش ئارقىلىقلا، مىكروئورگانىزملار توپىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز؛ ساغلاملىقىمىزنى كۈچلەندۈرىدىغان، هازىرقى زاماندىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق كېسەللەردىن مۇداپىئەلىنىش قالقىنى بولالايدىغان ئۈچەيدىكى مىكروئورگانىزملار توپىغا ئېرىشەلەيمىز.

تۈركچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.umitaktas.com/makale/beyin-bagirsak-hatti/



# سوۋېتنىڭ شىڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلاڭلارنى قوللاش تېلگراممىسى

# سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇرو يىغىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بۆلگىنىنىڭ خاتىرىسى

ۋىلسون ئېلېكترونلۇق ئارخىپخانىسىدىكى 121806 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت

**[قولدا يېزىلغان خەتلەر] سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇرو يىغىنىنىڭ 40 ـ مىنۇتىدىن باشلاپ ... 166 ـ نۇقتا مەخپىي ئىسكىلاتتا... «سىياسىي بيۇرونىڭ قارارى»**

**1943 ـ يىلى 4 ـ ماي**

**166. شىنجاڭ**

**1933 ـ يىلى تەختكە چىققان ھەمدە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭدىكى ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە تاقابىل تۇرغۇدەك ئادەم كۈچى ۋە ئەسلىھەلىرى بولمىغان دۇبەن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى سوۋېت ـ شىنجاڭ چېگراسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۇبەننى قوشۇن ۋە قورال ـ ياراغ بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ گېنېرال ما جوڭيىڭ، جاڭ پېييۈەن ۋە باشقا ياپون جاسۇسلىرىنى مەغلۇپ قىلىشىغا ياردەم بەردى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۆتكەن ئون يىل مابەينىدە، سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا زور مىقداردا ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمدە كۇلتۇرەل ياردەم بېرىپ، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ تەمىناتىنى راۋۇرۇس ئاشۇردى، شىنجاڭغا نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتتى، ۋەھاكازا.**

**دۇبەن ياپونپەرەس گېنېرالنىڭ قوشۇننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بىر قاتار داڭلىق ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە موڭغۇل سەردارلارنى ئۆلكىنىڭ باشقۇرغۇچىلار قاتلىمىغا كىرگۈزدى. شۇنداقلا، ئۇلارغا ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە بېرىپ، خىتاي بولمىغان مىللىي ئاز سانلىقلارنىڭ شىنجاڭدىكى خىتاي مىلىتارىستلارغا قارشى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئۆزى بىلەن بىر سەپتە تۇرغۇزدى.**

**ھالبۇكى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشى دۇبەننىڭ ئۆزىنى ۋە ئەتراپىدىكى گۇرۇھنى بۇ ئۆلكىدە چەكسىز ھوقۇققا ئىگە قىلىش ئارزۇسىغا قارشى تۇقۇنۇشقا سەۋەب بولدى.**

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا بولغان تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىنى خالىمىغان دۆبەن كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتىدىن سىقىپ چىقىرىش ھەرىكىتىنى باشلاپ، ئەمەلىيەت جەھەتتە مۇستەملىكىچى باستۇرۇش سىياستىنى يۈرگۈزدى. دۆبەن كىشلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان مايىللىقىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ خىتاي بولمىغان ئاز سانلىقلارنى باستۇرۇش سىياستىنى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجازىتى بىلەن يولغا قويغانلىقى توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆبەن شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىگە دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلدى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى دۆبەنىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان بۇ خىل قۇتراتقۇ قىلمىشلىرىغا يول قويالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ نۆۋەتتە يۈرگۈزۈۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇرۇش سىياستىگىمۇ ياردەم بېرەلمەيدۇ، شۇ ۋەجىدىن ھۆكۈمىتىمىز سوۋېت تەشكىلاتلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىنى ئازايتىش خۇسۇسىدا بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇنىڭغا بىنائەن، يۇقىرىدا ماقۇللانغان قاراردىن سىرت، سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يەنە شۇلارنى قارار قىلدى:

1. شىنجاڭدىكى خىتاي بولمىغان (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆبەنىنىڭ ۋە شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرمىچى مۇستەملىكىچىلىك سىياستىگە قارشى، تۆۋەندىكى خۇسۇسلاردىكى كۈرىشىنى قوللاش.

a) شىنجاڭدىكى بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش.

b) ھەممە مىللەتنىڭ كۈلتۈرىنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ شۇنداقلا شۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان، چىقىمىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىغان باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش.

c) دىنىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش.

d) ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە، شۇ جايدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن كىشلەردىن تەشكىل قىلىنغان ھۆكۈمەت قۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش.

e) «شىنجاڭ مىللىي سىياسىي كومىتېتى» تەسىس قىلىش ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس نىسبىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈش.

f) ئۆلكىلىك ۋە ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتلەردە مەمۇرىي ۋە ھەربىي ھوقۇقنىڭ بىر كىشىنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قېلىشىغا قارشى تۇرۇش.

g) مىللىي ھەربىي قىسىملارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

h) دۆبەن تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان جامائەت ئەربابلىرىنىڭ ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

i) كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ باج-سېلىق يۈكىنى يېنىكلىتىپ، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن ھەربىي ۋە سىياسىي خامچوتنى قىسقارتىش.

j) سودىگەرلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەركىن تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشىنى؛ ھەمدە سودىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەرقانداق چەكلىمە ۋە مەنئىي قىلىش بۇيرۇقلىرىنىڭ بىكار قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

k) شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسگە ماس كەلمىگەن باھا بېكىتىش تەدبىرىنى بىكار قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش.

l) ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ئاستىدا سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىنى كېڭەيتىپ ياساشنى قولغا كەلتۈرۈش.

m) چېكىدىن ئاشقان ھاشارنى بىكار قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش.

n) خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىن شىنجاڭغا نوپۇس يۆتكەش ئارقىلىق مەزكۇر ئۆلكىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش تەدبىرىگە قارشى تۇرۇش.

2. شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتنى قوللاپ، ئۆزبېك سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيەسىگە (يولداش يۇسۇپوف ۋە ئابدۇراھمانوفقا)، قازاق سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيەسىگە (يولداش سكۋورتسوۋ ۋە ئۇنداسىنوۋقا) ۋە قىرغىز سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيەسىگە (يولداش ۋاگوۋ ۋە كۇلاتوۋقا) تۆۋەندىكىلەرنى قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىش:

a) شىنجاڭ زېمىنىدا، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا، يەرلىك مىللەتلەردىن ۋە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن كىشىلەردىن تەشكىل قىلىنغان قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى (يەنى «مىللىي گۈللىنىش تەشكىلاتلىرى»نى) قۇرۇش.

b) «مىللىي گۈللىنىش تەشكىلاتلىرى»نىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي كادىرلارنى تەربىيەلەشكە ياردەم بېرىش. شۇنداقلا، مۇشۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزبېك، قازاق ۋە قىرغىز سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلىرىدە مەكتەپلەرنى قۇرۇش ۋە ئۇلارنى زۆرۈر قوراللار بىلەن تەمىنلەش.

c) ئۆزبېك، قازاق ۋە قىرغىز سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئالىملار، جامائەت ئەربابلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرىنى شىنجاڭدىكى كۇلتۇر ۋە مائارىپ جەمئىيەتلىرى بىلەن؛ شۇنداقلا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەربابلار بىلەن خەت-چەك ئالاقىسى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش.

d) شىنجاڭدا ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىيە ھەمدە باشقا جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مىللىي كۆلتۈر جەھەتتىكى تەرەققىياتلىرى تونۇشتۇرۇلغان، شىنجاڭدىكى خەلقلەرنىڭ تىلىدا يېزىلغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى، رومانلارنى ۋە سىياسىي تېمىلاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باستۇرۇپ تارقىتىش.

e) شىنجاڭدا ياشاۋاتقان سوۋېت گىراژدانلىرىغا ئۆلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشاۋاتقان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا خەت يازغۇزۇش.

f) «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەتلىك دىنىي مەھكىمىسى» نامىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ [بۈيۈك] ۋەتەن قوغداش ئۇرۇشىغا قاتناشلىقى توغرىسىدا بىر كىتابنى نەشر قىلدۇرۇپ شىنجاڭدا تارقىتىش.

3. شىنجاڭدا تەشۋىقات ئىشلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا 1-ماددىدا كۆرسىتىلگەندىن باشقا تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى كىرگۈزۈش:

a) دۇبەننىڭ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دۇبەن ۋە شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت سىياسىتىگە توغرا كەلمەيدىغان قىلمىشلىرىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئىجرا قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلىرىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئەيىبلەش.

b) سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ (سوۋېت ئىتتىپاقىغا) قايتۇرۇپ كېلىنىشى، سانائەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ بىكار قىلىنىشى ۋە شىنجاڭ بىلەن بولغان تىجارەتكە چەك قويۇلۇشىغا دۇبەننىڭ سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى، سوۋېت سودا ئاپپاراتلىرى ۋە سانائەت كارخانىلىرىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان، قەتئىي قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان شەرتلىرى؛ شۇنداقلا دۇبەننىڭ بىزنىڭ تەشكىلاتلىرىمىزنى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىمىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ، قازاقلارنىڭ، قىرغىزلارنىڭ، موڭغۇللارنىڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت رەۋىشتە ئىشلىتىشكە ئۇرۇنغانلىقى سەۋەب بولغانلىقىنى شىنجاڭ خەلقىگە چۈشەندۈرۈش.

4. قانۇنسىز رەۋىشتە شىنجاڭغا كىرگەن سوۋېت گىراژدانلىرىنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېلىش ھوقۇقى بېرىش.

5. مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە قاتناشقانلىقى سەۋەبلىك شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە سوۋېت زېمىنىدا پاناھلىنىش ھوقۇقى ۋە سوۋېت زېمىنىدا موھتاج بولغان زۆرۈر ياردەملەرنى بېرىش.

**6. قازاق، قىرغىز ۋە موڭغۇللارنىڭ شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈشكە ۋە قايتىپ كېتىشكە يول قويۇش؛ بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت چېگراسىدا مۇۋاپىق، ئەۋزەل تەرتىپلەرنى بېكىتىش.**

**7. ئۆزبېك، قازاق ۋە قىرغىز سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمهۇرىيەتلىرى بىلەن بىللە، «چەتئەل سودىسى خەلق كومىسسارىيتى» (NKVT) ۋە «ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىيتى»غىمۇ (NKVD) چېگرا رايوندا شىنجاڭلىق سودىگەرلەر بىلەن قانۇنسىز تىجارەت قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىش.**

**8. سوۋېت ئىتتىپاقى «دۆلەت بىخەتەرلىكى خەلق كومىسسارىيتى»گە تۆۋەندىكى خۇسۇسلاردا يوليورۇق بېرىش:**

**a) شىنجاڭدىكى مەۋجۇت جاسۇسلۇق توردىن پايدىلىنىپ، «مىللىي گۇللىنىش تەشكىلاتلىرى»نى ئاغزاكى ياكى باسما قانۇنسىز تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا ھەمدە مەزكۇر قاراردا كۆرسىتىلگەن باشقا تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش.**

**b) موسكۋا باش پوپىنىڭ نامىدىن شىنجاڭدىكى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك چاقىرىقى قىلىش.**

**9. «چەتئەل ئىشلىرى خەلق كومىسسارىيتى»گە (NKID) ۋە «خەلق سەھىيە كومىسسارىيتى»گە تۆۋەندىكى خۇسۇسلاردا يوليورۇق بېرىش:**

**a) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ تىببىي ياردەم پونكىتلىرىنى كېڭەيتىپ، ئۇنىڭدا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ داۋالىنىشىغا رۇخسەت قىلىش.**

**b) ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئۈرۈمچىدە ھەر كۈنى 200 بىمارنى قوبۇل قىلالايدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئامبولاتورىيەسىدىن بىرنى تەسىس قىلىش.**

**10. مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسى يولداش مالېنكوۋغا تاپشۇرۇلدى.**

**يىغىن خاتىرىسىنىڭ كۆچۈرمىسى مولوتوف، مېركۇلوف، دېكانوزوف، مىكويان، ۋاگوۋ، يۇسۇپوف، سكۋورتسوۋ، مالېنكوۋ ۋە بېريا قاتارلىق يولداشلارغا يوللاندى.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/121806



# قۇبرات كۆكتۇغخان

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# بۈيۈك بۇلغار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇبراتخان

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

«بۇلغار» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى تا ھازىرغىچە تولۇق چۈشىنىلمەي كەلگەن. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىسىم ئەڭ بۇرۇن مىلادى 4 ـ ئەسىردە تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان. «**bulgha**» سۆزىنىڭ سۆز تومۇرى «ئارىلاشماق، راھەتسىز قىلماق» دېگەن مەنىدىكى تۈركچە ئاتالغۇدىن كەلگەن دەپ قارالماقتا. بەلكىم ياۋروپالىقلار، بولۇپمۇ ۋىزانتىيەلىكلەر ۋە سلاۋىيانلار ئون ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنى بىئارام قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەزى تۈرك تارىخچىلىرى «بۇلغار» نامىنى باشقا تۈرك خەلقلىرى بۇلغارلارنى «ئارىلاشما خەلق» ياكى «توپلاڭچى قەۋم» دەپ قارىغانلىقتىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشماقتا.

ئون ئۇيغۇرلار، يەنى بۈيۈك بۇلغارلار تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار تۈرك تىللىرىنىڭ «ئوغۇر» گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئۆزگىچە شېۋىسىدە سۆزلەيدىغان ۋە ئىتىل دەرياسىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان ئەڭ قەدىمقى تۈركىي خەلقنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۈيۈك ھون تەڭرىقۇتلىقىنى قۇرغان تارىخىي تۈرك خەلقلىرىدىن بىرى ئىدى. مىلادى 4 ـ ئەسىردە ھونلارنىڭ شىمالىي ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى سەلتەنىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ھونلار 350 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ غەربىدىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى ئارقىلىق ئېتىل ۋە ئۇرال تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئون ئۇيغۇرلار ئېتىل دەريا ۋادىسىدىن تېخىمۇ شىمالغا كۆچۈپ كەتكەن. بىراق ئۇلار قېرىندىشى ھونلار بىلەن ئىزچىل كۆلتۈر ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. 5 ـ ئەسىردە ئۇلار شەرقتىن كەلگەن سابىر تۈركلىرى (سابارلار، سىبىرىيە تۈركلىرى) بىلەن توقۇنۇشۇپ يۈرۈپ، تېخىمۇ شىمالغا ۋە يىراق غەربكە چېكىنگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ئاتىللاخان باشچىلىقىدىكى ياۋروپا ھونلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. نەتىجىدە ياۋروپا ھونلىرى ۋە ئوغۇر تۈركلىرىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن «بۇلغارلار» دەپ ئاتالغان يېپيېڭى بىر تۈرك قەۋمى بارلىققا كەلگەن. بەلكىم شۇ ۋەجىدىن «بۇلغار» نامى «شالغۇت، بۇلانغۇچى، بۇلغانغۇچى» دېگەندەك مەنىدە «ئارىلاشما خەلق» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «بۇلغار» ئاتالغۇسى بىلەن تارىختا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئاتىللا قازا قىلىپ، ياۋروپا ھون ئىمپېرىيەسى ھالاك بولغاندىن كېيىن بۇلغارلار كۆكتۈركلەر ۋە ئاۋارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاۋارلار ئىستانبۇلنى قامال قىلىپ قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا ئاۋارلارغا كۈچلۈك ياردەم بەرگەن بولسا، بالقان ئوغۇرلىرى ۋىزانتىيە ۋە ئاۋارلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردا ئىمكانقەدەر بىتەرەپلىكنى ساقلاشقا تىرىشتى.

7 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى بىرلا ۋاقىتتا كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلىدىكى ئاناتولىيەدىن باستۇرۇپ كەلگەن ئىران ساسانىلار ئىمپېرىيەسى ۋە بالقاندىكى تراكىيادىن باستۇرۇپ كەلگەن ئاۋار ئىمپېرىيەسىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىدا ھالاك بولۇشقا تاسلا قالغان. ئاۋارلارنىڭ 618 ـ يىلى يازدا قوزغىغان ئىستانبۇل چوڭ قورشاۋىدىن مۆجىزىلەرچە قۇتۇلغان ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى ئاۋارلار بىلەن ۋىزانتىيە

ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ھەربىي تەڭپۇڭ دۆلەت ھاسىل قىلىشقا تەشنا بولۇۋاتقان نازۇك ۋەزىيەتتە، ئېتىلدىكى ئون ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ ئاقساقىلى قۇبراتخان ئون ئۇيغۇر، قۇتىرىغۇر (توققۇز ئۇيغۇر)، ئۇتىرىغۇر (ئوتتۇز ئۇيغۇر) قەبىلىلىرى، سابىرلار ۋە باشقا يەتتە سىلاۋىيان قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا تارقاق ياشاۋاتقان بارچە تۈركىي قەۋملەرنى تۇغى ئاستىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ «بۇلغار» ئىسىملىك يىپىپېڭى بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئاۋارلاردىن ئىزچىل ئەندىشە قىلىۋاتقان ۋىزانتىيەمۇ بۇ بىرلىككە رازىلىق بىلدۈرۈپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز كەچكەن. قۇبراتخان ئەتراپىتىكى تۈركىي قەۋملەر تەرىپىدىن «كۆكتۇغلۇق خان»، بالقانلار تەرىپىدىن «قۇبراتخان» دەپ ئاتالغان. 7 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قۇبراتخان قوشۇننى قايتىدىن زورايتىپ، قىرىق مىڭ جەسۇر ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كاۋكازىيەنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى باشلىغان. ئۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈشىدە ئاسىيا ۋە ياۋروپانىڭ جەنۇبىي پاسىلى بولغان مۇرەككەپ كاۋكازىيە رايونىنى تولۇق بويسۇندۇرۇپلا قالماي، شەرقىي ئاناتولىيە زېمىنىغىچە بېسىپ كىرىپ، مەزكۇر جايلارنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالغان. بۇ ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى مۇسۇلمانلاردىن ئۇدا زەربە يەپ كۈنسېرى زەئىپلىشىۋاتقان، ساسانىلارمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا تولۇق مۇنقەرز بولغان چاغلار ئىدى. قۇبراتخان مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارلىرى ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنى كاۋكازىيە رايونىدىن چېقىرىۋېتىپلا قالماي، بەلكى تاشقى كاۋكاز ئارقىلىق ئاناتولىيەگىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن. بۇ ئۇرۇشتىن بىر يىل كېيىن، ئۇ 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن شەرقىي رىم زېمىنىغا يۈرۈش قىلىپ، ئىمپېراتور ئالېكسنوس كومانۇسنى ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلغان ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى يىراق دالماتىيە (ھازىرقى كرۇدىيەنىڭ بوسنىيەنى دېڭىزدىن مەھرۇم قىلغان ئادرىئاتىك دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان ساھىل رايونى) دېڭىز قىرغىقىغىچە كېڭەيتكەن. بىراق بۇنىڭغا رازى بولمىغان قۇبراتخان قوماندانى «ئىلبەگ (ئىلبەي)»نى شىمالنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ئۆزى بالقان يېرىم ئارىلىنى پۈتۈنلەي ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاندىن ئېتىلدىكى پايتەختى فاناغۇرىيەگە قايتىپ كەتكەن.

ئۇنداقتا، ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان بۇ ئەپسانىۋى كىشى زادى كىم؟

تۈرك تىلىدا، مەجبۇرىي شەكىلدىكى ئىسىم پېئىللىرى ۋە بۇيرۇق شەكىلدىكى ئۆتۈملۈك پېئىللار ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئىنسانلارنىڭ ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كەلگەن. مەسىلەن: «قورقۇت»، «سۆي»، «ئال»، «كۆر» دېگەنگە ئوخشاش. قۇبرات سۆزى ھازىرقى ḳuwrat، ḳubrat بولۇپ، ئۇ قەدىمقى تۈرك تىلىدىكى مەجبۇرىيەت كەيپىياتىدىكى بۇيرۇقلۇق ئاددىي پېئىللىق سۆز يىلتىزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، توپلاش ۋە بىر يەرگە توپلاپ جەملەشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، قۇبراتخان ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «توپلىغۇچى ۋە جۇغلىغۇچى خان» ئىدى.

ھازىرقى بۇلغارىيە دۆلىتى ۋە ئېدىل ـ ئۇرال بويلىرىدىكى تاتارىستانلارنىڭ ئاساسىنى سالغان قۇبراتخان مىلادى 584 ـ يىلى ئېدىل ۋادىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، كېيىنچە بۇ قەبىلە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر ۋە سىلاۋىيان قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بۈيۈك بۇلغارىيە خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. قۇبراتخان ھاياتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىنى ئىستانبۇلدىكى ۋىزانتىيە

ئىمپېرىيەسى خان سارىيىدا ئۆتكۈزگەن. 7 ـ ئەسىردە ياشىغان ۋىزانتىيە تارىخچىسى Ioánnis Nikíou نىڭ قۇبرات ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك سۆزلىرى بار:

ئونۇگانلارنىڭ جىيەنى ۋە ھونلارنىڭ باشلىقى قۇبرات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا ئىمپېرىيەمىز ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ئىستانبۇلدا مۇقەددەس سۇغا (خىرىستىئانلاردىكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى چېركاۋدا سۇغا چۆمۈلدۈرۈش ئەنئەنىسى) چۆمۈلدۈرۈلۈپ، خىرىستىيان جەمئىيىتىدە چوڭ بولغان. قۇبرات بىلەن ئىمپېراتور ھېراكلىيۇس ئوتتۇرىسىدا تولىمۇ كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە مۇستەھكەم ئىشەنچ بار ئىدى. پادىشاھ ھېراكلىئۇس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قۇبرات ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئايالى ئىمپېراتور مارتىناغا ناھايىتى چوڭ غەمخورلۇق ۋە شەپقەت كۆرسەتكەن. ئۇ شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھېراكلىيۇسقا بولغان ۋاپادارلىقىنى ۋە ھۆرمىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىدى. ئۇ ۋەھشىيلەرنى ۋە كاپىرلارنى بويسۇندۇردى. ھازىر ئۇ پۈتۈن ئىستانبۇللۇقلارنىڭ قاتتىق قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، ھېراكلىيۇسنىڭ ئوغلى ئىمپېراتور كونستانتىننىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداشتا چىڭ تۇرماقتا».

ئۇنىڭ ئىستانبۇلدىكى بالىلىقى ۋە ياشلىق دەۋرىدىكى ئۇچۇرلار ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك ئەمەس. گەرچە ئۇنىڭ ئىستانبۇلدا تۇرغان ۋاقتى تېخىچە نامەلۇم بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىمپېراتور ھېراكلىيۇس ھۆكۈمرانلىق قىلغان 610 ـ 641 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئىستانبۇلدا تۇرغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا. ئۇ ۋە تاغىسى ئونۇگانلارنىڭ خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشى مىلادىيە 619 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن مۇھىم بىر ۋەقە ئىدى. چۈنكى، بىر يىل بۇرۇنقى ئىستانبۇل قامالى ۋە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش تولۇق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋارلارنىڭ تەركىبىدىكى نۇرغۇن قەۋملەر ئۇلاردىن ئايرىلغانىدى. قۇبراتنىڭ ۋىزانتىيە سارىيىغا تۇرغاقلىقى ئەۋەتىلىشى ئونۇگانا ۋە ھېراكلىيۇسنىڭ ئاۋارلار ۋە ساسانىيلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئۇچۇن تاشلىغان تۇنجى قەدىمى دەپ قارالماقتا. ئەمما بۇنىڭدىن باشقا، ھېراكلىيۇسنىڭ باشقا تۈركىي خەلقلەر بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقداشلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، قۇبراتنى بارىمتاي قىلىش ئىستانبۇلنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر قەدەمدەك قىلىدۇ.

پاترىخ نايكېفوروس I نىڭ سۆزىگە قارىغاندا، قۇبرات 635 ـ يىلى ئۇيغۇر بۇلغارلىرىنىڭ ئىلتەبىرى سۈپىتىدە ھېراكلىيۇس بىلەن تۈزگەن كېلىشىم دائىرىسىدە ئاۋارلارغا قارشى چوڭ قوزغىلاڭ باشلىغان. شۇنداق قىلىپ، بۈيۈك بۇلغارىيە خانلىقى (بۈيۈك بۇلغارىيە) قۇرۇلغان. قۇبراتخان ئىمپېراتور كونستانتىن (641 ـ 668) دەۋرىدە ۋاپات بولغان. Nikephoros I نىڭ سۆزىگە قارىغاندا، قۇبراتنىڭ بەش ئوغلى بار بولۇپ، بۇلار باتبايان، كوتراگ، ئاسپارۇخ (ئىشبارا)، كۇبېر ۋە ئالزېكتۇر.

قۇبراتخان ئوغۇللىرىغا مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى: «ھەرگىز بىر ـ بىرىڭلاردىن ۋە بۇ تۇپراقلاردىن ئايرىلماڭلار. بۇ يەردە ئىناق تۇرالىساڭلارلا كۈچۈڭلارنى خورىتىپ قويماي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى داۋاملىق كۈچەيتەلەيسىلەر». بىراق ئۇنىڭ بەش ئوغلى ئۇنىڭ مۇھىم ۋەسىيىتىگە قارىماي، شەرقتىن كەلگەن خازار خانلىقى ۋە ئىچكى بېسىملارنىڭ نەتىجىسىدە، دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۈيۈك بۇلغارىيە دۆلىتىنى پۈتۈنلەي پارچىلاپ تاشلاشتى.

ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ تۇغلۇق جەمەتىگە تەۋە بولغان قۇبراتخان ئۇغۇر قەبىلىلىرىنى تولۇق ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بۈيۈك بۇلغارىيە خانلىقىنى قۇرغان. بۈيۈك بۇلغارىيەنىڭ چېگرىسى شەرقتە كۇبان، غەربتە دنىيېپىر، شىمالدا دونېتسك دەرياسى، جەنۇبتا قارا دېڭىز ۋە ئازوۋ دېڭىزى بولۇپ، ئۇ ۋىزانتىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى هېراكلىيۇس قۇبراتقا «پاترىكيوس» ئۇنۋانى بەرگەن. قۇبراتخان ۋاپات بولغاندا، بۈيۈك بۇلغارىيە خانلىقى خازار خانلىقىنىڭ بېسىمى نەتىجىسىدە يىمىرىلىپ، قۇبراتنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىپ پارچىلىنىۋېتىلگەن.

قۇبراتنىڭ چوڭ ئوغلى باتبايان خازارلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ياشاشقا رازى بولغان ۋە خازارلارغا قوشۇلغان. خازار خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ياشاشنى خالايدىغان بۇلغارلار قارا فرونت ـ بۇلغارلار (قارا تاغلىق) دەپ ئاتالغان.

بۇلغارلارنىڭ ئەڭ مۇهىم قىسىملىرى ئىدىل ۋە ئۇرال بويلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ، ۋولگا (ئىدىل) بۇلغار دۆلىتىنى قۇرغان. بۇلار **ilil Ön Bulgars** يەنە **Ak Ön Bulgars** دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاق فرونتلىق (ئاق تاغلىق) بۇلغارىيەلىكلەر كېيىنچى چۇۋاش مىللىتى بولۇپ شەكىللەندى. چۈنكى چۇۋاشلار ئۆزىنى بۇلغار دەپ ئاتايدۇ.

قۇبراتنىڭ 3 ـ ئوغلى ئاسپارۇخ (ئىشبارا) نىڭ قوماندانلىقىدىكى غەربىي جەنۇبقا كۆچۈپ كەلگەن بۇلغارلار 681 ـ يىلى، دوناي دەريا ۋادىلىرىغا بۇرۇنراق كۆچۈپ كەلگەن بۇلغارىيەلىكلەر بىلەن بىرلىكتە بىرىنچى بۇلغارىيە ئىمپېرىيەسىنى (681 ـ 1018)، كېيىنچە يەنە ئىككىنچى بۇلغار ئىمپېرىيەسىنى (1185 ـ 1396) قۇرۇپ، بۈگۈنكى بۇلغارىيەنىڭ ئۇلىنى شەكىللەندۈرگەن. گەرچە ئۇلار 681 ـ يىلدىن 864 ـ يىلغىچە شامانىزىم ئېتىقادىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق 864 ـ يىلدىن باشلاپ خىرىستىئانلىشىپ، 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئوسمانلىلارنىڭ ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىشىنى توسىدىغان ئەڭ كۈچلۈك جەسۇر قوغدىغۇچىغا ئايلانغان. بىراق ئۇلار يەنىلا 1396 ـ يىلى ئوسمانلار سۇلتانى بەيازىد يىلدىرىم تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.

7 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قۇبراتنىڭ بىر ئوغلى دۆلەتنى ئىككىگە بۆلۈپ ياۋروپاغا قاراپ كۆچۈشنى قارار قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىدىل بۇلغار خانلىقى ۋە دوناي بۇلغار خانلىقلىرى تەشكىل بارلىققا كەلدى. تەتقىقاتچىلارنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا تۇغلۇقلار بۇلغارلار ئۈستىدىكى ئىگىلىك هوقۇقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. شۇڭلاشقا بۇلغارىيە جۇغراپىيىسىدىكى تۈرك قان سىستېمىسىغا تەۋە بولغان بۇلغارلار كېيىنكى زامانلاردا پۈتۈنلەي سلاۋيانلىشىپ كەتكەن.

«بۇلغار خانلىرىنىڭ شەجەرىسى» ناملىق ئەسەردىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، قۇبرات 12 مۇچەللىك تۈرك كالېندارىغا ئاساسەن كالا يىلىدا تۇغۇلغان ۋە 60 يىل ياشىغان. 1912 ـ يىلى ئۇكرائىنالىق دېهقانلار تاسادىپىي هالدا پولتاۋادا ئۇنىڭ قەبرىسىنى بايقىغان. مەزكۇر قەبرىدىن چىققان پۇللار ۋە باشقا يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ قەبرىنىڭ دەل قۇبراتخاننىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى. قەبرىدىكى بارچە هەمدەپنە بۇيۇملىرىدىن ئۇنىڭ مىلادىيە 653 ـ يىلى ياكى مىلادىيە 665 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقى نىسبەتەن ئېنىقلاشتى. ئەمەلىيەتتە، ئارخولوگىيەلىك ۋە تارىخىي تەتقىقاتلاردا قۇبراتنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى مىلادىيە 650 ـ يىلدىن مىلادىيە 665 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى

سۈرۈلدى. ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئانتاركتىكادىكى مۇزلۇق لىۋىڭستون ئارىلىغا جايلاشقان تۆپىلىكنىڭ ئىسمى «قۇبرات ئېگىزلىكى» دەپ ئاتالدى. 1981 ـ يىلى، ۋاسىل مىخاجلوۋ بۇلغارىيەلىك رېژىسسور لۇدمىل ستايكوف تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنغان تارىخى دراما فىلمى «ئاسپارۇخ» دا قۇبراتنىڭ رولىنى ئالغان.

**بەزى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات:**

**1 . ئورغانا (ئورگانا):**

بۈيۈك بۇلغار خانلىقىنىڭ ئوق يادروسىنى تەشكىل قىلغان ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى. ئۇ قۇبراتخاننىڭ تاغىسى بولۇپ، 603 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئاقساقال بولغان. قۇبرات ئىستانبۇلغا تۇرغاقلىقتا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى 603 ـ يىلدىن 605 ـ يىلغىچە ئورۇنباسار ئاقساقال بولغان. ئۇندىن كېيىن تاكى 632 ـ يىلى بۈيۈك بۇلغارىيە خانلىقى قۇرۇلغۇچە، ئون ئۇيغۇرلار ئاۋارلارغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ ياشىغان.

**2 . ھېراكلىيۇس:**

شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى ماماتىلىق ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغان ھۆكۈمدار. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىغا ھۆرمەت كۆرسىتىپ، دۆلىتىنى پېرسىيەلىك ساسانىلاردەك ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغان. ئۇ 610 ـ يىلدىن 641 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، قۇبراتخان ئۇنىڭ ئوغلىنى قوللاپ، 641 ـ يىلدىن تاكى ۋاپات بولغىچە تەختنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ياردەم قىلغان.

**3 . ساسانىيلار ئىمپېرىيىسى:**

پارسلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىمپېرىيىسى بولۇپ، مىلادى 222 ـ يىلى ساسان ئوغلى ئەردىشىر تەرىپىدىن قۇرۇلغان. 480 ـ يىلدىن 550 ـ يىلغىچە ئاق ھونلارغا قارام خانلىقتا ئايلىنىپ قالغان. نۇشرۋاننىڭ دەۋرىدە كۆكتۈركلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئاق ھونلارنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن كۈنسېرى قۇدرەت تاپقان. ساسانىلار ھەتتا 607 ـ يىلدىن 618 ـ يىلغىچە ئاۋارلار بىلەن بىرلىشىپ، مەشھۇر شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە تاسلا قالغان. ئىراق 622 ـ يىلدىن باشلاپ ھالاكەتكە يۈزلىنىپ، 650 ـ يىلى ئەڭ ئاخىرقى ساسانىلار شاھى يەزدىگىردنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يوقالغان.

2022 ـ يىلى 14 ـ ماي، شەنبە



# پەرزەنت تەربىيىسىدە بىلىشكە تېگىشلىك سەككىز ئامىل

# بالىلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك سەككىز نۇقتا

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى بالىلار تەرەققىياتى مەركىزى

**ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا نېمىنىڭ ئېجابىي، نېمىنىڭ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ۋە شۇ ئارقىلىق بالىلارغا پايدىلىق ئامىللارنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، بالىلارغا زىيانلىق ئامىللاردىن ساقلىنىشقا موھتاج. ھالبۇكى، نۇرغۇنلىرىمىز «بالىنى دۆشكەلەش، ئۇرۇپ ـ تىللاش بالىغا زىيانلىق» دېگەندەك ئەقەللىي ساۋاتلارنى بىلسەكمۇ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت مۇھىتىنىڭ بالىغا كونكرېت قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىزمىز. يەنە كېلىپ، بالىلار ـــ بولۇپمۇ مەكتەپ يېشىغا توشمىغانلار ـــ ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل روھىي ۋە جىسمانىي ھالەتلىرىنى چوڭلارغا ئوچۇق رەۋىشتە بايان قىلىپ بېرەلمىگەچكە، بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن بىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن، بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىمىزنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولار دېگەن ئۈمىدتە بالىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاقىدار ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك سەككىز نۇقتىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنماقچىمىز.**

**1. ئائىلىسى ياكى بېقىلىش مۇھىتى زور بېسىمغا دۇچ كەلگەندە، بوۋاقلار ۋە كىچىك بالىلارمۇ بۇنىڭ سەلبىي تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.**

**تۆرەلمىلىك مەزگىلىدىكى ياكى بالىلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سەلبىي كەچۈرمىشلەر چوڭ مېڭىدە بىر ئۆمۈر داۋاملىشىشى مۇمكىن بولغان فىزىكىلىق ۋە خىمىيەلىك ۋەيرانچىلىققا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل كەچۈرمىشلەرگە چېتىشلىق بىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر كۆپلىگەن بەدەن ئەزالىرىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، كەلگۈسىدىكى ئۆگىنىش ئىقتىدارى ۋە قىلمىش جەھەتتە كەمتۈكلۈك كۆرۈلۈش خەۋپىنىلا ئەمەس، بەلكى جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىق ئەھۋالىنىڭ ناچارلىشىش خەۋپىنىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ.**

**2. تەرەققىيات يۈكسەك دەرىجىدىكى تەسىرلىنىش جەريانى بولۇپ، ھاياتتىكى نەتىجىلەر نوقۇل ھالدا ئىرسىيەت تەرىپىدىنلا بەلگىلەنمەيدۇ.**

ئىنسانىنىڭ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تەرەققىي قىلىش مۇھىتى مۇئەييەن گېنلارنى ئۆزگەرتىدىغان، ئاندىن شۇلارنىڭ قانچىلىك ۋە قاچان ئىپادىلىنىشىنى تەبىرلەيدىغان كۈچلۈك سەرگۈزەشتىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئىرسىيەت ئامىللىرى ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھىت ئامىللىرى ئائىلە ئىرسىيىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. مەسىلەن، بالىلار تۇغۇلۇشىدىنلا ھاياجىنىنى كونترول قىلىش، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئۇچۇرلارنى ئېسىدە تۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى يىللىق سەرگۈزەشتىلىرى ئۇلارنىڭ مۇشۇ ۋە باشقا خىل ئىجرائات فۇنكسىيەلىرىنىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالىدۇ.

3. گەرچە بالىلار ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان رىشتىسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن كىچىك بالىلار ئائىلىسىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان قىزغىن كىشىلەرنىڭمۇ كۆپ پايدىسىنى كۆرىدۇ.

بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ۋە دائىم ئۇنىڭ ئەتراپىدا بولغان قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەر (مەسىلەن، يەسلى ئوقۇتقۇچىسى) بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسى ئۇنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان دەسلەپكى مۇناسىۋىتىگە دەخلى يەتكۈزمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، كىچىك بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ھېسسىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن، بالىلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بېقىلىشىنىڭ دائىم ئۆزلۈكسىز قېلىشى ۋە باققۇچى خادىملارنىڭ تېز ئالمىشىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بالا بىلەن بولغان تەسىرلىشىش سۈپىتىنى تۆۋەن بولۇشى (مەسىلەن، باققۇچىلارنىڭ بالىلارنى ئويناتماي ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇشى، ئۇلارغا گەپ قىلىپ بەرمەسلىكى، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشماسلىقى قاتارلىقلار) بالىلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجلىرىنىڭ قاندۇرۇلىدىغان ـ قاندۇرۇلمايدىغانلىقى ۋە قايسى رەۋىشتە قاندۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرجەم ئىستەك (secure expectation) شەكىللەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىۋېتىدۇ.

4. نۇرغۇنلىغان مېڭە قۇرۇلمىلىرى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئۈچ يىل جەريانىدا شەكىللىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بالا ئۈچ ياشقا كىرىش بىلەنلا مەزكۇر قۇرۇلمىلارنىڭ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى توختاپ قالمايدۇ.

ئۇنۇملۇك ھالدا كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارلىرى دېگەندەك، مېڭە فۇنكسىيەسىنىڭ ئاساسلىق جەھەتلىرى ھېسسىي تەرەققىياتنىڭ بەزى جەھەتلىرىگە ئوخشاشلا ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى كەچۈرمىشلەرگە ئېغىر دەرىجىدە تايىنىدۇ. يەنە كېلىپ، گەرچە چوڭ مېڭىدىكى يۇقىرى تەرتىپلىك فۇنكسىيەلەرگە خاس بولغان رايونلارمۇ دەسلەپكى كەچۈرمىشلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تاكى ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگىچە ۋە قۇرامىغا يېتىش مەزگىلىنىڭ دەسلەپكىچە داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، «بالىدۇر يېتىلگىنى كېيىن يېتىلگىنىدىن ياخشى» دېگەن ئۇللۇق پرىنسىپ كۆپىنچە ئەھۋاللارغا ماس كەلسىمۇ، لېكىن ئۈچ ياشتىن كېيىنمۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە يەنىلا تەرەققىي قىلىش پۇرستى بار.

**5. كىچىك بالىلارنى غەمخورلۇقتىن ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قىلىشنىڭ ئۇلارنىڭ ساغلاملىقىغا ۋە تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرى ئەڭ كەمدە جىسمانىي خورلاشنىڭ تەسىرى بىلەن تەڭ ياكى تېخىمۇ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن.**

ئاتا ـ ئانىسى (ياكى ھامىيلىرى) ئۇزۇن مۇددەت كۆڭۈل بۆلمىگەن بالىلاردا يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كۆرۈنەرلىك جىسمانىي خورلاشقا ئۇچرىغان بالىلارنىڭكىدىن تېخىمۇ ئېغىر بولغان ئاڭقىرىش قىيىنچىلىقى، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەسلىك، تىل كەمتۈكلۈكى، ئۆگىنىش قىيىنچىلىقى، بېكىنمىچىلىك خاھىشى، تەڭتۇشلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىش مەسىلىلىرى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. بۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، دەسلەپكى مەزگىللىك مۇناسىۋەت داۋامىدا «غەمخورلۇق قىلىش ۋە قىلىنىش»تىن (serve and return) ئىبارەت تەسىرلىنىش جەريانىنىڭ ئىزچىل ئۈزۈلۈپ قېلىشى يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مېڭە قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن جىسمانىي زەربىدىنمۇ بەكرەك زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ نۇقتىدا دائىم نەزەردىن ساقىت قىلىنىۋاتىدۇ.

**6. كېلىشمەسلىككە ياكى زوراۋانلىققا ئۇچرىغان كىچىك بالىلار ھەردائىم بىسمىغا ئالاقىدار كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇشى ياكى چوڭ بولغاندا زوراۋان ئادەم بولۇپ قېلىشى ناتايىن.**

گەرچە بۇ خىل كەچۈرمىشكە ئىگە بالىلار بۇ خىل ئىشقا يولۇقمىغان بالىلارغا قارىغاندا، چوڭ مېڭە تەرەققىياتى سەلبىي تەسىرگە ئۇچراش ۋە كېيىن ئۇرۇشقاق بولۇپ قېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ ئېغىر خەۋپكە دۇچ كېلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ چوقۇم يامان بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەگەر بالا بىلەن ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان باققۇچى ئارىسىدا ئىمكانقەدەر بالدۇرراق ئىشەنچلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلسا ھەمدە بالىلار زۆرۈر داۋالاشلاردىن بەھرىمەن قىلىنسا، بۇنىڭ ئۇلارغا ناھايىتى زور ياردىمى بولىدۇ.

**7. نوقۇل ھالدا بالىنى خەتەرلىك مۇھىتتىن ئايرىۋېتىش سەلبىي كەچۈرمىشلەرنىڭ بالىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتەلمەيدۇ.**

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بالىنى دەرھال خەتەرلىك مۇھىتتىن ئايرىۋېتىشنىڭ زۆرۈرلىكىدە شەك يوق. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەمخورلۇقتىن ئېغىر دەرىجىدە مەھرۇم قالغان بالىغا ئىمكانقەدەر

بالدۇرراق قاراتمىلىقتا ئىگە رەۋىشتە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. يەنى زەربىگە ئۇچرىغان بالا چوقۇم ئۆزىدىكى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى، ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش ۋە مۆلچەرلىگىلى بولۇش تۇيغۇسىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان مۇھىتقا ئېرىشىشى كېرەك. شۇنداقلا، بۇنداق بالىلار ساغلاملىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن كۆپىنچە ھاللاردا داۋالاش ۋە قوللاش خاراكتېرلىك كۆڭۈل بۆلۈشكىمۇ موھتاجدۇر.

**8. ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى «تەنھا قەھرىمان»لىقتا ئەمەس، بەلكى مۇناسىۋەتكە موھتاج.**

بەختسىزلىك ئىچىدىمۇ مۇھىتقا ماسلىشىش ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئىقتىدارى قوللاش مۇناسىۋىتى، بىيولوگىيەلىك سىستېمىلار ۋە گېن ئىپادىلىنىشىنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىشى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلىدۇ. گەرچە كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك، ئەمما خاتا. رەۋىشتە ئىنسانلار پەقەت قەھرىمانىلارچە خاسلىقىنىڭ كۈچىگىلا موھتاج دەپ قارىسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتە ئىلىم-پەن بىزگە شۇنى ئىپتىماقتىدۇركى، ئەڭ كەمدە بىر خىل قوللاش مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل داۋاملىشىشى، شۇنداقلا مەسىلىلەرگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشنىڭ كۆپلىگەن ماھارەتلىرىنى ئىگىلەش پۇرسىتى ئېغىر مۈشكۈلاتلارغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتىكى ئەڭ ھالقىلىق ئامىللاردىندۇر.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://developingchild.harvard.edu/resources/8-things-remember-child-development/



# يەتتە تۈرلۈك باشقۇرۇش ماھارىتى

ئېرىك باركېر

# يەتتە تۈرلۈك باشقۇرۇش ماھارىتى

ئېرىك باركېر

**دۇنيا بويىچە تىجارەت ۋە باشقۇرۇش ساھەسىدە ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرنال دەپ قارىلىدىغان «خارۋارد سودا ئوبزورى» يېقىندا ئەڭ نادىر باشقۇرۇش ماھارەتلىرىگە ئالاقىدار بىر كىتابنى نەشردىن چىقاردى، شۇنىڭ ئىچىدە مەن ئەڭ بەك كارغا كېلىدۇ دەپ قارىغانلىرىم تۆۋەندىكىچە:**

**«قىلىنىشى كېرەك بولغان ئىشلار»نى تولۇق تاماملاش**

**ھەرۋاقىت ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش تولىمۇ مۈشكۈل. ھالبۇكى، تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك تەدبىر ئارقىلىق كۈندىلىك خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش مۇمكىن:**

**1. چۈشتىن بۇرۇن ئۈچ ئىشنى تاماملاش: ئىستاتىستىكىلاردا كۆرسىتىلىشىچە، مۇسابىقە يېرىملاشقاندا ئالدىدا تۇرغان كوماندا كۆپىنچە ھاللاردا مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقالايدىكەن. شۇڭا، چۈشتىن بۇرۇن ئۈچ ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاندىن چۈشلۈك تامىقىڭىزدىن ھوزۇرلىنىڭ.**

**2. ۋەزىپىلەرنى ئۇزۇنلۇق تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىڭ: پىلانىڭىزنى بىر قانچىلىغان بۆلەكلەرگە بۆلۈڭ. ئاندىن ئەڭ ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغان بۆلەكنى ئەڭ دەسلەپتە قىلىڭ ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلەكلەرنىڭ بىردەك ھالدا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بۆلەكلەردىن قىسقا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. ئەگەر ئەڭ كۆپ ۋاقىت كېتىدىغان بۆلەكنى ئەڭ كەينىگە ئېلىپ قويسىڭىز، ئۇنىڭغا نۆۋەت كەلمەي تۇرۇپلا ماغدۇرىڭىزدىن كېتىشىڭىز مۇمكىن.**

**3. ئۆزئارا ئوخشىشىدىغان ئىشلارنى بىر ۋاقىتتا قىلىڭ. تەكرارلىق زېھنىنى جانلاندۇرىدۇ. شۇڭا، مەلۇم بىر ۋاقىت بۆلىكى ئىچىدە ئۆزئارا ئوخشىشىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئېنېرگىيە توپلاڭ.**

**ئارزۇلىغان نەرسىلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزدە بار دەپ ئويلاڭ**

**كۆپىنچە ھاللاردا، تەپەككۇرىڭىز سىزنىڭ ئەڭ كاتتا قوراللىرىڭىزدىن بىرىدۇر. لېكىن، قورقۇنچ ياكى قايغۇ-ھەسرەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان كىشىگە ئوخشاش، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىزنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىڭىزمۇ بولالايدۇ. مەيلى سىز تەڭتۇشلىرىڭىزنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولالمىغانلىقىڭىزدىن، ياكى خېرىدارىڭىزنىڭ سىزنى تاشلاپ، رىقابەتچىڭىزنى تاللىغانلىقىدىن بىئارام بولۇڭ، بۇ خىل ئىشلار توغرىسىدا**

زىيادە كۆپ ئويلىنىش بىئارامچىلىقىڭىزنى كۈچەيتىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئارزۇلىغان نەرسىلىرىڭىزنى ئۆزىڭىزدە بار دەپ ئويلاڭ. مەسىلەن، «تەڭتۇشلىرىم مېنى ھۆرمەتلەيدۇ»، «خېرىدارلىرىم مېنى تاشلاپ، باشقىلارنى تاللىمايدۇ» دەپ ئويلىغان ئاساستا ھەرىكەت قىلىڭ. بۇلار خام خىياللار بولۇشى مۇمكىن، لېكىن «تەڭتۇشلىرىم مېنى ھۆرمەتلىمەيدۇ؛ خېرىدارلىرىم مېنى تاشلاپ، باشقىلارنى تاللايدۇ» دېگەنلەرمۇ ئوخشاشلا خام خىيال بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، سەلبىي خام خىيالنىڭ ئورنىغا ئىجابىي خام خىيال قىلغان ھالدا، تەشۋىشلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىشەنچ بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتۈڭ. شۇندىلا ئارزۇلىغانلىرىڭىزغا ئېرىشىش پۇرسىتىڭىز تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

سانغا ئەمەس، قىممەتكە كۆچەڭ.

نۇرغۇن ئىشلارغا تەڭ زېھىن سەرپ قىلىشتىن تۈزۈك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى، ھەتتا كىشىنىڭ شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مەغلۇب بولىدىغانلىقى تەتقىقاتلاردا دەلىللەندى. لېكىن، بۇنىڭ ئەكسىچە زېھنىنى بىرلا ۋەزىپىگە مەركەزلەشتۈرۈشمۇ تەرغىب قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى تېز رىتىملىق دۇنيادا بىرلا جەھەتتە كۈچەش كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن. ئەكسىچە، ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ زور قىممەت يارىتىدىغان ۋەزىپىلەرنىڭ قايسىلار ئىكەنلىكىنى بېكىتىپ، دىققىتىڭىزنى شۇلارغا مەركەزلەشتۈرۈڭ. سانغا ئەمەس، قىممەتكە كۈچەش ھەمدە زېھنىڭىزنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ھەقىقىي مۇھىم بولغان ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، خىزمەت سۈپىتىڭىزنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىز ياراتقان قىممەتنى ئاشۇرالايسىز. ئۇنداقتا، قىممىتى ئانچە يۇقىرى بولمىغان ۋەزىپىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنى «كېيىنچە قىلىنىدىغان ئىشلار تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈڭ. ئەگەر ئۇلار داۋاملىق تۈردە «قىممىتى يۇقىرى ئىشلار» تىزىملىكىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىسا، ئۆزىڭىزگە شۇنداق سوئال قويۇڭ: «بۇ ئىشلارنىڭ قىلغانىنىڭ زادى نېمە پايدىسى بار؟»

ئۆز-ئۆزىڭىز بىلەن قەرەللىك ھالدا «سۆھبەتلىشىپ» تۇرۇڭ

بىز ھەرۋاقىت نامەلۇم ساھەلەرگە قەدەم قويۇشقا مەجبۇر بولىدىغان ئۇشبۇ دەۋردە، قانداق قىلغاندا خىزمىتىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئىقتىدارىمىزنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرالايمىز؟ بۇنىڭ چارىلىرىدىن بىرى ھەر ھەپتىدە ئۆزىڭىز بىلەن بىر قېتىم «سۆھبەتلىشىپ» تۇرۇشتۇر. قانچىلىك ئالدىراش بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر بۇ نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىڭ، چۈنكى بۇنداق قىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

ھەر ھەپتىدە، بىر قانچە سائەت ۋاقىت ئاجرىتىپ، يېقىندا تۇرمۇشىڭىزدا يۈز بەرگەن ھالقىلىق ۋەقەلەر توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىڭ. جۈملىدىن توقۇنۇش، مەغلۇبىيەت، باشقىلارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە باشقىلاردىن كەلگەن ئىنكاسلار ھەققىدە؛ شۇنداقلا ئۆزىڭىزنىڭ شۇ ئىشلارغا قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىڭىز، نېمىلەرنىڭ

توغرا، نېملەرنىڭ خاتا بولغانلىقى؛ كەلگۈسىدە نېمىنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىڭ. بۇ «سۆھبەت»نى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭ، چۈنكى بۇ سىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم.

### «خاسلىقنى ساقلاش» خاھىشىڭىزغا ھاي بېرىڭ

«مېنىڭ خۇيۇم شۇنداق» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆز خاتالىقلىرىنى يوللۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش رەھبەرلەردە ساقلىنىدىغان ئەڭ ئېغىر ئىللەتلەردىن بىرىدۇر. ئۆز كىملىكىڭىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلغان ناچار قىلمىشلىرىڭىزغا خاتىمە بېرىڭ. «مېنىڭ خۇيۇم شۇنداق، مەن خۇيۇمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن» دېيىشنىڭ ئورنىغا، ئاشۇ «خۇي» ۋە قىلمىشلىرىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىڭىزنىڭ ۋە ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرۈڭ. بۇ قىلمىشلارنى «ئۆزگەرمەس خۇي» ئەمەس، بەلكى «ياخشىلىنىش پۇرسىتى» دەپ قاراڭ. ناچار خۇي ۋە قىلمىشلارنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىڭىزدا، بۇلارنى ئۆزگەرتىشنىڭ نەقەدەر ئاسان ئىكەنلىكىگە ھەيران بولماي تۇرالمايسىز.

### ئۆز-ئۆزىڭىزنى «ئىشتىن بوشىتىڭ»

گەرچە رەھبەرلىك قاتلىمىنى تەڭشەش شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا شىركەتكە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇنداق قىلىش شىركەتكە يېڭىچە نۇقتىئىنەزەر ئاتا قىلىپ، رەھبەرلەرنى ئۆز ئىپادىسىگە قاراپ چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شىركىتىڭىزنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىنى كۈتمەستىن، ئۆز-ئۆزىڭىزنى پات-پات «ئىشتىن بوشىتىپ» تۇرۇڭ. يەنى «ئەگەر رەھبەرلىك ئورنىغا بۈگۈن يېڭى چىققان بولسام، نېملەرنى قىلغان بولار ئىدىم؟ ئەگەر بۇ مېنىڭ خىزمەتكە چىققان تۇنجى كۈنۈم بولغان بولسا، قايسى ئىشلارنى ھازىرقىدىن پەرقلىق قىلغان بولار ئىدىم؟» دەپ ئويلاڭ. بۇ خىل «ئارقىغا يېنىش» ئادىتى سىزنى مەۋجۇت ئىستراتېگىيە ۋە تەدبىرلەر توغرىسىدا ئويلىنىش، مەۋجۇت ھالىتىڭىزدە كۆرەلىشىڭىز بەسى مۈشكۈل بولغان شەيئىلەرنى كۆرۈپ يېتىش، كېلەچەكتىكى خىرىسلار ئۈچۈن قايتىدىن ھاياتىي كۈچ توپلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

### ئۇنىۋېرسال باشلىق بولۇڭ

بۈگۈنكى كەسكىن ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە، رەھبەرلەر چېدامچان، تەھلىل قىلىشقا ماھىر ۋە تەرتىپلىك بولۇشى كېرەكمۇ ياكى خىزمەتچىلەرگە ھېسداشلىق قىلىشنى بىلىدىغان، ئىلھامبەخش ۋە ئالاقىگە ماھىر بولۇش كېرەكمۇ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى تولىمۇ ئاددىي: بۈگۈنكى رەھبەرلەر يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىمكانقەدەر ئۆزىدە ھازىرلىشى كېرەك. ئۆزىڭىزنى مەلۇم بىر تىپقا تەۋە قىلىۋالغاندىن كۆرە،

**مۇرەككەپ، تېز ئۆزگىرىدىغان سودا ساھەسىنىڭ تەلەپ ـ تەقەززاسىغا ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال رەھبەر بولۇشقا تىرىشىڭ. رەھبەرلەر تەھلىل ئاساسىدىكى پاكىتلارنى دادىل ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ شۇ ئۇچۇرلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغىمۇ ھوشيارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. رەھبەرلەردىكى بولۇشقا تېگىشلىك (قاتتىق قوللۇق بىلەن كۆيۈمچانلىق دېگەندەك بىر ـ بىرىگە زىتتە كۆرۈنىدىغان) نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلەر بىر ـ بىرىنى يەكلىمەستىن، ئۆزئارا تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس

**مەنبە:**

https://time.com/2970193/the-top-7-management-tips-from-harvard-business-review/



# نېلسون ماندېلانىڭ نادىر سۆزلىرى

# نېلسون ماندېلا ئەقلىيە سۆزلىرى

1. مەن شۇنى ئۆگەندىمكى، جاسارەت قورقۇنچنىڭ يوق بولۇشى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشتۇر. جەسۇر ئادەم ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان ئادەم ئەمەس، بەلكى شۇ قورقۇنچنى يەڭگەن كىشىدۇر.

**I learned that courage was not the absence of fear, but the triumph over it. The brave man is not he who does not feel afraid, but he who conquers that fear.**

2. سىز دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قوللىنالايدىغان ئەڭ كۈچلۈك قورال مائارىپتۇر.

**Education is the most powerful weapon which you can use to change the world.**

3. ھەركىم قىلىۋاتقان ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىسا ۋە شۇ ئىشنى قىزغىن سۆيسە، چوقۇم مەۋجۇت ھالىتىدىن يۈكسىلىپ ئۇتۇق قازىنالايدۇ.

**Everyone can rise above their circumstances and achieve success if they are dedicated to and passionate about what they do.**

4. مەن مۇستەقىل تەپەككۇرغا ئىگە دوستلارنى ياقتۇرىمەن، چۈنكى ئۇلار كىشىنى ھەرقايسى نۇقتىلاردىن مەسىلىلەرنى بايقاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**I like friends who have independent minds because they tend to make you see problems from all angles.**

5. ئىشلار تاكى روياپقا چىققانغا قەدەر، ھەمىشە مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ.

It always seems impossible until it's done.

6. مېنى ئۇتۇقلىرىم بىلەن ئەمەس، بەلكى قانچە قېتىم مەغلۇپ بولۇپ قايتىدىن ئورنۇمدىن تۇرغانلىقىم بىلەن باھالاڭلار.

Do not judge me by my successes, judge me by how many times I fell down and got back up again.

7. كىشى بىر ئىشنى يۈز بەرمەيدۇ دەپ قارىغان مۇددەتتە، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلىق كۆرەلمەيدۇ.

One cannot be prepared for something while secretly believing it will not happen.

8. ئېيتقىنىمدەك، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزگە سەمىمىي بولۇڭ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتمىسىڭىز، جەمئىيەتكە ھەرگىز تەسىر كۆرسىتەلمەيسىز.

As I have said, the first thing is to be honest with yourself. You can never have an impact on society if you have not changed yourself.

9. كىشى بىر مىللەتنىڭ تۈرمىسىگە كىرىپ باقمىغۇچە، ئۇ مىللەتنى ھەقىقىي مەندە چۈشىنەلمەيدۇ.

No one truly knows a nation until one has been inside its jails.

10. بىز چوقۇم ۋاقىتتىن ئىجادىي پايدىلىنىشىمىز ۋە ھەر پەيتنىڭ توغرا ئىش قىلىشقا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

We must use time creatively, and forever realize that the time is always ripe to do right.

**11. بەزى سىياسەتچىلەرنىڭ ئەكسىچە، مەن خاتالىقىمنى ئېتىراپ قىلالايمەن.**

**Unlike some politicians, I can admit to a mistake.**

**12. مەن ئەزەلدىن شەخسىي مۇكاپاتلارغا ئانچە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىدىم. مۇكاپاتقا ئېرىشىشنى تەمە قىلىدىغان ئادەم ھەقىقىي ئەركىنلىك جەڭچىسى بولالمايدۇ.**

**I have never cared very much for personal prizes. A person does not become a freedom fighter in the hope of winning awards.**

**13. مەن ئەزەلدىن مەغلۇپ بولمايمەن، يا يېڭىمەن، يا ساۋاق ئالىمەن.**

**I never lose. I either win or learn.**

**14. گەرچە مەن كىشىلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىشقا ئامراق ئادەم بولسامۇ، لېكىن يالغۇزلۇقنى تېخىمۇ بەك ياخشى كۆرىمەن.**

**Although I am a gregarious person, I love solitude even more.**

**15. نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ھېلىھەم تەلتۆكۈس نامراتلىق ئىلكىدە ياشاۋاتقان بولسا، باللىرىمىز پىلاستىك تورۇسلارنىڭ ئاستىدا ياشاۋاتقان بولسا، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ھېلىھەم ئىشسىز بولسا، ئۇنداقتا ھېچبىر جەنۇبىي ئافرىقالىق ھۆرلۈك شادلىقىدا خۇددىنى يوقىتىپ، بەخىرامان ئارام ئالماسلىقى كېرەك.**

**As long as many of our people still live in utter poverty, as long as children still live under plastic covers, as long as many of our people are still without jobs, no South African should rest and wallow in the joy of freedom.**

16. ئوبراز مۇھىم، كۈلۈپ تۇرۇشنى ئۇنتۇماڭ.

**Appearances matter — and remember to smile.**

17. بۈيۈك تىنچلىق ئورناتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھەققانىي، سەمىمىي، لېكىن كەمتەر كىشىلەردۇر.

**Great peacemakers are all people of integrity, of honesty, but humility.**

18. ھۆرلۈك قىسمەن بولمايدۇ. خەلقىمدىن ھەرقانداق بىرىنىڭ بويىندىكى زەنجىر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بويىندىكى زەنجىر دېمەكتۇر. خەلقىمنىڭ بويىندىكى زەنجىر بولسا مېنىڭ بوينۇمدىكى زەنجىر دېمەكتۇر.

**Freedom is indivisible; the chains on any one of my people were the chains on all of them, the chains on all of my people were the chains on me.**

19. ھېچنەرسە بىر جەمئىيەتنىڭ روھىنى ئۇنىڭ بالىلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدىن بەكرەك روشەن كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

**There can be no keener revelation of a society's soul than the way in which it treats its children.**

20. مەن بالىلار بىلەن ئويناشنى ۋە پاراڭلىشىشنى ... ئۇلارغا تاماق يېگۈزۈشنى، ئاندىن قىسقا ھېكايىدىن بىرەرنى ئېيتىپ بېرىپ ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويۇشنى ياخشى كۆرىمەن. ئائىلەمدىن ئايرىۋېتىلىش ھاياتىم بويىچە مېنى ئىزتىراپقا سالدى. مەن ئۆيدە ئارام ئېلىشنى، جىمجىتقىنە كىتاب ئوقۇشنى، قازاندىن چىققان مېزىلىك پۇراقنى ھىدلاشنى، ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بىللە بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشنى، ئايالىم ۋە بالىلىرىمنى سەيلە قىلدۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر سىز بۇ ئاددىي لەززەتلەردىن ھۇزۇر تاپالماس بولۇپ

قالغان بولسڭىز، ھاياتىڭىزدىكى بەزى قىممەتلىك نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىنغان بولىسىز ۋە ئۇنى كۈندىلىك خىزمىتىڭىزدە ھېس قىلالايسىز.

**I love playing and chatting with children...feeding and putting them to bed with a little story, and being away from the family has troubled me throughout my life. I like relaxing at the house, reading quietly, taking in the sweet smell that comes from the pots, sitting around a table with the family and taking out my wife and children. when you can no longer enjoy these simple pleasures something valuable is taken away from your life and you feel it in your daily work.**

**21.** مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۆكتىچى بولۇش تېخىمۇ ئاسان، چۈنكى بۇنىڭدا كىشىگە مەسئۇلىيەت يۈكلەنمەيدۇ.

**In some ways, it is easier to be a dissident, for then one is without responsibility.**

**22.** ئەركىنلىك ھېچيەردە ئاسانلا قولغا كېلىپ قالمايدۇ، نۇرغۇنلىرىمىز ئۆزىمىز تەشنا بولغان ھۆرلۈك چوققىسىغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۆلۈم كۆلەڭگۈسىنىڭ جىلغىسىدىن تالاي قېتىملاپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىمىز.

**There is no easy walk to freedom anywhere, and many of us will have to pass through the valley of the shadow of death again and again before we reach the mountaintop of our desires.**

**23.** كىشىلەرنىڭ قۇربى يەرقلىق بولغاچقا، بىسمىغىمۇ يەرقلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. لېكىن، ھەقىقىي كۈچلۈك كىشى ئاجىزلارنى يۆلەيدۇ ۋە بۇ جەريانىدا ھەر ئىككىلىسى كۈچىيىدۇ.

**Men have different capacities and react differently to stress. But the stronger ones raised up the weaker ones, and both became stronger in the process.**

**24. بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا ــ يەنى جەمئىيىتىمىزدىكى ئەڭ ئاجىز پۇقرالارغا ــ زوراۋانلىق ۋە قورقۇنچتىن خالىي ھايات ئاتا قىلىش بۇرچىمىز بار.**

**We owe our children - the most vulnerable citizens in any society - a life free from violence and fear.**

**25. تاللىشىڭىز قورقۇنچىڭىزنىڭ ئەمەس، ئۈمىدىڭىزنىڭ مەھسۇلى بولسۇن.**

**May your choices reflect your hopes, not your fears.**

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

**مەنبە:**

https://www.britannica.com/list/nelson-mandela-quotes

https://parade.com/1074913/kelseypelzer/nelson-mandela-quotes/

https://www.brainyquote.com/authors/nelson-mandela-quotes



# خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قىسقىچە بىئوگرافىيىسى

غالىپ ئېلى

# خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قىسقىچە بىئوگرافىيىسى

غالىپ ئېلى

1946 ـ يىلى 5 ـ ماي غۇلجىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، ئەنۋەر خانبابا ۋە ئابدۇللا زاكىروۋلار تەرىپىدىن خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى (خى ئى پ) مەخپىي ھالدا قۇرۇلىدۇ. بۇ پارتىيە شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى سىياسىي پارتىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئارقىدىن پارتىيەنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسى تۈزۈپ چىقىلىدۇ. خى ئى پارتىيەسى ئۆز پروگراممىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى شەرقىي تۈركىستان ئازاد بولغاندىن كېيىن خەلقنىڭ رايى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەركىزىي كومىتېت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىشىگە قاراپ ياچېيكىلارنى تەشكىللەيدۇ ۋە تەدرىجى ھالدا پارتىيەنىڭ ناھىيىلىك ۋە ۋىلايەتلىك كومىتېتلىرىنى قۇرىدۇ.

خ ئى پارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن مەخپىي تۇتۇلىدۇ. موسكۋا بۇ پارتىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلى، تارباغاتاي، ئالتاي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ غۇلجىغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان باش مەسلىھەتچىسى خ ئى پارتىيەسىنىڭ ۋەكىللىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، خ ئى پارتىيەسىنىڭ مەخپىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە ئېھتىيات بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ماقۇل بولىدۇ ھەمدە بۇ ھەقتە موسكۋانى خەۋەرلەندۈرمەكچى بولىدۇ. ( ئەنۋەر خانبابا : « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلار » دىكى مەلۇمات)، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن خ ئى پارتىيەسى ئۆز پائالىيىتىنى توختىتىدۇ.

مەزكۇر پارتىيەنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بۇ پارتىيەنى قۇرغۇچى كىشىلەردىن تەركىپ تاپىدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ پارتىيەنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. پارتىيە ئىچىدىكى ئىش تەقسىماتى بويىچە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ پارتىيەنىڭ ھەممە ئىشلارىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ دېھقانلار خىزمىتىگە، ئەسئەت ئىسھاقوۋ تەشكىلىي ئىشلارغا، سەيپىدىن ئەزىزى تەشۋىقات ئىشلىرىغا، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ھەربىي ئىشلارغا، ئەنۋەر خانبابا مائارىپ خىزمىتىگە، (ختاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سابىق قورچاق رەئىسى شۆھرەت زاكىرنىڭ دادىسى) ئابدۇللا زاكىروۋ كاتىپات خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ كىشىلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھاللىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ (1921 ـ ـ 1949) : ئۇيغۇر، كوممۇنىست ئىنقىلابچى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان تەۋەسىدىكى پىرىۋارسكى شەھرىدە تۇغۇلغان. 1927 ـ يىلى ئانىسى ۋە ئىنىسى بىلەن بىللە شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئۈچتۇرپاندا ئۆتكەن. 1936 ـ يىلى يازدا سوۋېتكە چىقىپ ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ رۇس گىمنازىيەسىدە ئوقۇغان. لېكىن، سوۋېت

ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇشقا ئىلاجى بولمىغانلىقتىن ئۆلكىلىك 1 ـ مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئوقۇغان. 1938 ـ يىلى «شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى» قارمىقىدىكى مىللىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپتا ئوقۇغان. 1939 ـ يىلى «شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشقان. 1940 ـ يىلى «خائىننىڭ ئەۋلادى» دېگەن باھانە بىلەن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە دوبەنى» مىلتارىست شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ساۋەن ناھىيىسىگە سۈرگۈن قىلىنغان ۋە ئۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1942 ـ يىلى ئابباسوۋ ئىككى يىللىق سۈرگۈن مۇددىتى توشقاندىن كېيىن غۇلجىغا كېلىپ ئوقۇتقۇچى، قوشۇمچە ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ ئەزاسى بولغان. ئىلى ئىنقىلابى ھارپىسىدا زىيالىي ياشلار ئارىسىدا مىللىي ئىنقىلاب تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. «ئازادلىق تەشكىلاتى» غۇلجا قوزغىلىڭىغا تەييارلىق جەھەتتە تاشقى ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ قولغا ئېلىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن 1944 ـ يىلى ئاپرېلدا سوۋېت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان ئابدۇكېرەم ئابباسوۋقا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سوراشنى تاپشۇرغان. ئابباسوۋ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ يەردە پاناھلىنىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ھەر مىللەت ياشلىرىدىن بىر ئىنقىلابىي پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىللەپ، قىسقا مۇددەتلىك ھەربىي مەشىق قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئابباسوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن ھەربىي ياردەم سورىغان. 1944 ـ يىلى نويابىرنىڭ 6 ـ كۈنى ئابباسوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرى پېتىر رومانوۋىچ ئالكساندىروۋ بىلەن بىرلىكتە 60 كىشىدىن ئارتۇق ئادىمى بار بىر قوراللىق قوشۇننى باشلاپ ئىلىغا قايتىپ كېلىپ غۇلجا قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. بۇ قوشۇن سوۋېتچە ئاپتوماتلار بىلەن قوراللانغان. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىللە يەنە ئىككى تونىنا پارتلاتقۇچ دورا، ئىككى دانە پىلىموت ۋە بىر دانە مىنامىيوت ئېلىپ كەلگەن. غۇلجا قوزغىلىڭى ھارپىسىدا ئابباسوۋ «ئازادلىق تەشكىلاتى» تەرىپىدىن قۇرۇلغان قوماندانلىق شتابىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1945 ـ يىلى ئىيۇلدا ئابباسوۋ سىياسى كومىسسارلىق ۋەزىپىسى بىلەن جەنۇبىي فرونت ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە ئابباسوۋ ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈم باشلىقى، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان. ئابباسوۋ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. (پارتىيەنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل) . «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مەركىزىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئىتتىپاقنىڭ ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئابباسوۋ «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتى بولغان تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئابباسوۋنى « ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسىنى قۇرغان» دېگەن تونۇشىدىن بولغان ئىكەن.

«شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت» مەزگىلىدە ئابباسوۋ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغان ۋە گومىنداڭنىڭ 1946 ـ يىلى ئاچقان مەملىكەتلىك مىللىي قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش جەريانىدا خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن ئالاقە باغلىغان. ئابباسوۋ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك «ئازادلىق

ئوردېنى» (ئالتۇن)، 1 ـ دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنى (ئالتۇن) قاتارلىق ئوردېن ـ مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

1949 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇست ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگۈسى يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ماۋ زېدوڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بېيجىڭدا ئېچىلماقچى بولغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوۋ، دەلىلقان سۇگۇربايوۋلار بىلەن غۇلجىدىن ئايروپىلاپ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىش سەپىرىگە ئاتلانغان. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ سەپىدىن ئەزىزىگە مەلۇم قىلىشىچە، بۇ ئايروپىلان 27 ـ ئاۋغۇست سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېركۇتسكى رايونىدىكى زابايكال تېغىغا سوقۇلۇپ ئايروپىلاندىكى بارلىق كىشىلەر ئۆلگەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ھاياتىدىن ئايرىلغاندا 28 ياشتا ئىدى. «ئابباسوۋنىڭ قەبرىسى غۇلجا خەلق باغچىسىغا (ئەسلىدىكى ۋاڭ قادىر بېغى) غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان».

## سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ

سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ (1918 ـ ـ 2002) : كوممۇنىست ئىنقىلابچى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇرپان ناھىيىسى چاتقال يېزىسىدا تۇرپانىقىر مەھەللىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1929 ـ ـ 1931 ـ يىللىرى تۇرپان جەنۇبىي قوۋۇق (نەنمېن) باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان. سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ ئائىلىسىدىكىلەر مەھمۇت سىجاڭنىڭ قوشۇنى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ بۇ يەردە داۋاملىق ئوقۇغان.

سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ 1935 ـ ـ 1937 ـ يىللىرى ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (ساگۇ) مەمۇرىيەت ـ ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1938 ـ ـ 1943 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئىلى گىمنازىيە ۋە ئىلى ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1940 ـ يىلى «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشقان. 1943 ـ يىلى غۇلجىدا ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن 1943 ـ يىلى ئاۋغۇستا سەيپۇللايوۋ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن. 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1944 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇستىچە ئالماتا يېنىدا سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپىدا فاتىخ مۇسلىموۋ، خەمىت مۇسلىموۋ،رەفىق بايچۇرىن ۋە قۇربان بۇرھانىدىنوۋ قاتارلىقلار بىلەن بىللە سىياسىي ـ ھەربىي جەھەتلەردە تەربىيەلەنگەن. سالامەتلىك تۈپەيلى ئۆزى تەربىيەلەنگەن گۇرۇپپا بىلەن بىللە ئىلىغا قايتالماي 1945 ـ يىلى ئاپرېلدا غۇلجىغا قايتقان. 1945 ـ يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىغا قاتناشقان.

1944 ـ ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە سەيپۇللايوۋ مائارىپ نازارىتى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى،غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە رەئىسى بولغان. سەيپۇللايوۋ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى (دېھقانلار خىزمىتىگە مەسئۇل)، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى

ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مەركىزىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. سەيپۇللايېۋ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېن - مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

1946 - يىلى تىنچلىق سۆھبىتى ئاخىرلىشىپ «11 بىتىم» ئىمزالىنىش ئالدىدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر نامەلۇم بولغان بىر شەخسنىڭ پىلانلىشى ۋە كۆشكۈرتىشى بىلەن غېنى باتۇر تەرىپىدىن چاقىرىلغان جۇمھۇر رەئىسى ئېلىخان تۆرىنى ئورنىدىن قالدۇرۇشنى مۇزاكىرىلىشىش يىغىنىغا سەيپۇللايېۋ ئالدىن ھېچقانداق ئۇقتۇرۇشسىز غېنى باتۇر تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ يىغىنغا قاتناشتۇرۇلغان. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى جۇمھۇر رەئىس ئېلىخان تۆرىنى قانداق قىلىپ ئورنىدىن قالدۇرۇشنى تەپسىلىي مۇزاكىرىلەشكەن ۋە ئىشنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈشكەن. (سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ : «مەن شاھىت بولغان ئىشلار» دىكى مەلۇمات). مەزكۇر يىغىندا تۈزۈلگەن پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدە جۇمھۇر رەئىس ئېلىخان تۆرە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ خادىملىرى تەرىپىدىن قىلتاققا چۈشۈرۈلۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەن. (ماشىنا قورغاسقا كەلگەندە كونسۇلخانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىمى ئالدىن جۇمھۇر رەئىس ئېلىخان تۆرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى موسكۋاغا خەۋەر قىلىپ ئۈلاردىن يولىيورۇق سورىغان)

1949 - نويابىردىن كېيىن تا 1958 - يىلىدىكى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىشقا قەدەر سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ «جەنۇبىي شىنجاڭ تەشۋىقات ئەترىتى»نىڭ ئەترەت باشلىقى، «جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى»نىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىدىكى خ ك پ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، «خ ك پ شىنجاڭ شۆبە بىيوروسى»نىڭ ئەزاسى، «خ ك پ شىنجاڭ شۇبە بىيوروسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى»نىڭ سېكرېتارى، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ۋە سېكرتارىياتىنىڭ سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1950 - يىلى دېكابىردا خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە ۋارشاۋادا چاقىرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش يىغىنىغا قاتناشقان. 1950 - يىلى مارتتا غەربىي شىمال بيۇروسى «شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى»نىڭ سېكرېتارى ۋاڭ جېن ۋە ۋاڭ ئېنماۋنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قەشقەردە خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغان.

1951 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ <شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇشقا دائىر پىكىر ئېلىش> كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شۇ يىلى 4 - مارتتا يەرلىك پارتكومىنىڭ رۇخسىتى بىلەن قېيۇمبەگ خوجا رىياسەتچىلىكىدە غۇلجىدا چاقىرىلغان پىكىر ئېلىش مەجلىسىگە سەيپۇللايېۋمۇ قاتناشقان. مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى < شىنجاڭ كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسى بولۇشى كېرەك> دىن ئىبارەت بىر يۈرۈش پروگراممىا خاراكتېرلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر پىكىر - تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەجلىستىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن سەيپۇللايېۋ مەزكۇر مەجلىسنىڭ <مەجلىس خاتىرىسى>نى بېيجىڭغا مائارىپ مەجلىسىگە قاتنىششقا بارماقچى بولۇپ تۇرغان ئەنۋەر خانباباغا بېرىپ، غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن. ئەنۋەر خانبابا بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن ئالماتادىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق بېيجىڭغا تاشقى ئىشلار خىزمەت مەجلىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن مۇئاۋىن كونسۇل ئۇيغۇر سايىرانىدىن < << 51 چىلەر >> مەجلىسىدە خاتالىق بار ئىكەن، ۋاڭ جېن

سىلگېيوەن تەنقىد قىپتۇ> دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، مەجلىس خاتىرىسىنى غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا تاپشۇرماي، قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن.

غۇلجىدا چاقىرىلغان پىكىر ئېلىش مەجلىسىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلەر خىتاي كومپارتىيەسى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ «شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى» تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىد قىلىنىپ پۈتۈنلەي خاتا دەپ خۇلاسە چىقىرىلغان. غۇلجىدىكى مەزكۇر پىكىر ئېلىش مەجلىسىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى 51 كىشى بولغانلىقتىن بۇ مەجلىس تارىختا < 51 چىلەر مەجلىسى > دەپ ئاتالغان.

1958 ـ يىلدىكى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ قاتتىق تەنقىدلەنگەن ھەمدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىكى بارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلغان. ماۋ زېدوڭ مەركەزدىكى بىر پارتىيە يىغىنىدا سەيپۇللايوۋنىڭ ئىسمىنى <什么拉夫> (نېمە لايوۋ) دەپ ئاتاپ تۇرۇپ تەنقىد قىلغان. سەيپۇللايوۋنىڭ خىزمەت دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ قۇمۇلغا سۈرگۈن قىلىنغان ۋە قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

پۈتكۈل «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە <كاپىتالىزم يولىغا ماڭغۇچى ئۇنسۇر> بولۇپ قاتتىق كۈرەش قىلىنغان. 1978 ـ يىلى ئېچىلغان خ ك پ نىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن سەيپۇللايوۋقا ئارتىلغان بارلىق بەدناملار بىكار قىلىنغان. شۇندىن كېيىن سەيپۇللايوۋ خىتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىي دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھەمدە پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە 6 ـ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان».

سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ 2002 ـ يىلى 4 ـ سېنتەبىردە 84 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان. سەيپۇللايوۋ ئۈرۈمچى ئۇلانباي «كوممۇنىستىك ئىنقىلابىي قۇربانلار» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە «مەن شاھىت بولغان ئىشلار» دېگەن نامدىكى ماقالىلار توپلىمى بار. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سەيپۇللايوۋ قەشقەردىكى خىزمەت مەزگىلىدە قەشقەر شەھەرلىك خەلق باغچىسىنى سالدۇرغان ئىكەن. ھازىرغىچە يەرلىك قەشقەر خەلقى بۇ باغچىنى «سەيپۇللايوۋ باغچىسى» دەپ ئاتايدىكەن.

## ئەسئەت ئىسھاقوۋ

ئەسئەت ئىسھاقوۋ (1921 ـ ـ 1976): تاتار، كوممۇنىست ئىنقىلابچى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە تىجارەتچى تۆمۈر غەلى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. (ئەسئەت ئىسھاقوۋ مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى، خىتاي ئازادلىق ئارمىيىسى 5 ـ كورپۇسىنىڭ قوماندانى، «شىنجاڭ ھەربىي رايونى»نىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى گېنېرال مايور مەرغۇپ ئىسھاقوۋنىڭ ئاكىسى). 1928 ـ يىلى تۆمۈر غەلى ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۈرۈمچىدە تاتار باشلانغۇچ مەكتەپ ( 6 ـ مەكتەپ)تە ۋە رۇس گىمنازىيەسىدە ئوقۇغان. 1935 ـ ـ 1939 ـ يىللىرى موسكۋادا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. شەرقىي تۈركىستانغا قايتقاندىن كېيىن «خائىننىڭ ئەۋلادى» دېگەن بەتنام بىلەن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى» مىلىتارىست شېڭ شىسەي تەرىپىدىن غۇلجا كۈرەگە سۈرگۈن قىلىنغان. سۈرگۈن بىكار قىلىنغاندىن كېيىن غۇلجا تاتار مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

**1944 ـ ـ 1949 ـ يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە ئىلى پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ كاتىپى، مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش بۆلۈم باشلىقى، «ئازاد (ئىنقىلابىي) شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.**

**ئەسئەت ئىسھاقوۋ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى (تەشكىلىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل). خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە مۇۋەققەت رەئىسى بولغان. ئەسئەت ئىسھاقوۋ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېن ـ مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.**

**1949 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىر ئەسئەت ئىسھاقوۋ «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مەركىزىي ھەيئىتىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدوڭغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن. يەنە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن مۇۋەققەت رەئىس ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن 1949 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋە خىتاي رەئىسى ماۋ زېدوڭغا تەبرىك تېلىگراما يوللىغان. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدوڭ مۇۋەققەت رەئىس ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ 1949 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىردىكى تەبرىك تېلېگراممىسىغا جاۋابەن تېلېگراما ئەۋەتكەن» .**

**1949 ـ يىلى دېكابىردىن كېيىن ئەسئەت ئىسھاقوۋ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ياشلار ئىتتىپاقى»نىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، خ ك پ «شىنجاڭ شۆبە بىيوروسى تەشۋىقات بۆلۈمى»نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ھەم دائىمىي ئەزاسى، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ( مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل) قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1954 ـ يىلى مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1950 ـ يىلى يانۋاردا ئەسئەت ئىسھاقوۋ دېڭ لىچۈننىڭ (خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غۇلجىغا ئەۋەتكەن ئالاقىچىسى) تونۇشتۇرۇشى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغان. ئەسقەت ئىسھاقوۋ مىللىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەش ـ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان قاتارلىق سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىش تەلىپىنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن تۈركۈم ـ تۈركۈم مىللىي ئوقۇغۇچىلار چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان.**

**1957 ـ يىلى چىڭداۋدا ئېچىلغان مىللەتلەر مەجلىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا يەرلىك ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ بىر ئالىي مۇختارىيەت ـ ـ ئاپتونوم رېسپۇبلىكا قۇرۇشى كېرەكلىكى مەسىلىسىدە ئەسئەت ئىسھاقوۋ خىتاي كومپارتىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەي بىلەن يۈزتۇرانە ۋە جەسۇرانە زاكونلاشقان. 1958 ـ يىلدىكى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى ھەرىكەتتە تەنقىدلەنگەن. مۇئاۋىن رەئىسلىكتىن باشقا ھەممە ۋەزىپىلىرى ئېلىپ تاشلانغان. 1962 ـ يىلى رېۋىزىئونىزم (شيۇجېڭجۇيىچىلىق)غا قارشى تۇرۇش يۈزىدىن چاقىرىلغان خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان**

شۆبىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۈچ ۋىلايەتتىن تەرەپتىن كەلگەن ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئەنۋەر جاكولىن، توختى ئالموۋلار بىلەن بىللە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغان. ئەسئەت ئىسھاقوۋ خ ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان.

ئەسئەت ئىسھاقوۋ يېزىق ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدە، يېزىقنى ۋاقتىنچە ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرغان. ئۇ «ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغان، ساۋاتسىزلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ يېزىلاردا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ساۋاتسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا جايلاردا بۇ ئىشلار تېخى دېگەندەك قولغا ئېلىنمىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقىنى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىشنىڭ تېخنىكىلىق جەھەتتىكى تەييارلىقى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك. مۇشۇنداق ئەھۋالدا كونا يېزىقنى يېڭى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىش ئالدىراقسانلىق بولۇپ قالارمىكىن. ھازىرچە كونا يېزىقنى قوللىنىپ تۇرۇپ، شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن ئۆزگەرتسەك ياخشى بولارمىكىن. مۇشۇنداق قىلغاندا مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق» دېگەن كۆز قاراشتا بولۇپ يېزىق ئۆزگەرتىشكە قوشۇلمىغان. (ئابدۇراخمان ئابدۇللا : «تاشكەنتچىلەر»، 3 ـ كىتاپدىكى مەلۇمات).

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەسئەت ئىسھاقوۋ ماۋ زېدوڭنىڭ ئەينى زاماندىكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە قارىتا «شەرقى شامىلى غەرب شامىلىنى بېسىپ كەتتى» دېگەن يەكۈنىگىمۇ باشقىچە پىكىردە بولغان ئىكەن. ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ باشقىلارغا دېيىشىچە، مەركەزدىكى بىر سۆھبەتتە جۇ دېنىڭ بۇ كىشىلەرنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم سەۋىيىسى قانداقسىغا بىزنىكىدىن يۇقىرى بولىدىكەن، دەپ بەك جىلە بولۇپ تېرىكىپ كەتكەن ئىكەن. بىر قېتىم ئەسئەت ئىسھاقوۋ باشقىلارغا «مەركەزدىكىلەرنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان چۈشەنچىسى بىزنىڭكىگە ئوخشمايدىكەن» دېگەن ئىكەن.

پروتكول «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغۇچى ئۇنسۇر» بولۇپ قاتتىق كۈرەش قىلىنغان. ئۇزۇن مەزگىل تۈرمىدە ياتقان. كىيىم ـ كېچەك، كىتاپ قاتارلىق بارلىق نەرسىلىرى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ ئائىلىسى ئۈرۈمچىدىكى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى دەرىجىلىك مىللىي كادىرلار قورۇسىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن».

ئەسئەت ئىسھاقوۋ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يەتتە يىل تۈرمىدە يېتىپ، 1976 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇن 55 يېشىدا تۈرمىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن ئۆلگەنلىكى نامەلۇم. ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت تەرەپتىن غەيرىي رەسمىي ھالدا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى، دېگەن گەپ تارقالغان. لېكىن ئۇنىڭ سەپداشلىرى ۋە باشقا كىشىلەر بۇ گەپلەرگە ئىشەنمىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە لېنىن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۇرغان ئىكەن. 1978 ـ يىلى ئېچىلغان خ ك پ نىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەسئەت ئىسھاقوۋغا ئارتىلغان بارلىق بەدناملار بىكار قىلىنغان. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلانباي «ئىنقىلابىي قۇربانلار» قەبرىستانلىقىغا كۆچۈرۈلگەن.

### سەيپىدىن ئەزىزى

سەيپىدىن ئەزىزى (1915 ـ 2003) : كوممۇنىست ئىنقىلابچى، سىياسىيون، يازغۇچى، شائىر. دراماتورگ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتۇش شەھرىدە 1915 ـ يىلى 24 ـ مارت سانائەتچى، سودىگەر ۋە

مەرىپەتپەرۋەر تاشاخۇن ئەزىزى (ئەسلى ئىسمى ئابدۇرېشىت ئەزىزى) ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتۇشتا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1932 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانلار قوراللىق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ جەڭچى، كاتىپ بولغان. 1934 ـ يىلى ئاتۇشتا يېڭى پەننىي مەكتەپتە ئالتە ئاي ئوقۇغاندىن كېيىن 1945 ـ يىلى يانۋار ئېيىدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە مۇدىر بولغان.

سەيپىدىن ئەزىزى 1935 ـ 1937 ـ يىللىرى ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (ساگۇ) مەمۇرىيەت ـ ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. شەرقىي تۈركىستانغا قايتقاندىن كېيىن 1937 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ ئۆلكىسى»نىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي تەلىم تەربىيە سىنىپىدا ئوقۇغان. 1938 ـ 1943 ـ يىللىرى چۆچەكتە تارباغاتاي گېزىتخانىسىدا مۇھەررىر، باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. يەنە چۆچەك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى بولغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسدا سەيپىدىن ئەزىزى سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىش ۋە سانايىنەپىسە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. يەنە مەكتەپلەردە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىدە تەشكىلات كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن. تارباغاتاي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1943 ـ يىلى غۇلجىغا كۆچكەن.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىلى ئىنقىلابى ھارپىسى ۋە غۇلجا قوزغىلىڭى جەريانىدا بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتتە بولغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئۇ غۇلجىدىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭمۇ ئەزاسى ئەمەس. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستان»دىن ئىبارەت بىئوگرافىيىلىك ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دوباشىننىڭ ياردىمى بىلەن تونۇشقان ئىكەن (سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ مەخسۇس ئابدۇكېرەم ئابباسوفقا ئاتالغان «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» دېگەن ئەسىرىدە بۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بارلىقى، سەيپىدىن تاشكەنتتىن قايتىش سەپىرىدە يول ئۈستىدە ئابدۇكېرەم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قىزغىن پاراڭلاشقانلىقى بايان قىلىنغان، ت). كونسۇل دوباشىن ھەتتا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ سول قولىنىڭ باشمالتىقىنىڭ يوقلىغىنىمۇ بىلىدىكەن. لېكىن سەيپىدىن ئەزىزى 1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىردا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولۇپ قالغان.

1944 ـ 1949 ـ يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە سەيپىدىن ئەزىزى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن قەشقەر پولكىنىڭ پولك باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى؛ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى (تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل)؛ خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى؛ «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مەركىزىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. سەيپىدىن ئەزىزى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېن ـ مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

1949 ـ يىلى ئاۋغۇستا ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، مۇنونوۋ، دەللىقان سۇگۇربايوۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار خىتاي كومپارتىيەسى ئاچماقچى بولغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئاتالمىش ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا تاپقاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تەشكىللەنگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇددىئاسىنى ياخشى چۈشەنگەن، ئۈچ كىشىلىك ئۆمەكنىڭ باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭدا «خىتاي يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى»غا قاتنىشىش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىگە ئاسىيلىق قىلغان. ئۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ قارارىسىزلا خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار ــ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە مىللىي ئارمىيىگە دائىر مەسىلىلەرنى ئۆز ئالدىغا بىرتەرەپ قىلغان. ھاتتا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل بىر ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىپ، خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولۇش ئىلتىماسىنى ماۋ زېدوڭغا سۇنغان. ماۋ زېدوڭ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خ ك پ نىڭ ئەزاسى بولۇشىغا دەرھال قوشۇلۇپ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنىڭ ئۈستىگە تەستىق سۆزى يازغان. 1949 ـ يىلى ئۆكتەبىردە خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغان. ( سەيپىدىن ئەزىزى : « ئۆمۈر داستانى (ئەسلىمە 2) دىكى مەلۇمات).

بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سەيپىدىن ئەزىزى مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ : «شىنجاڭ ئۆتمۈشتە خىتاي تېررىتورىيىسىنىڭ تەركىبى. بىر قىسمى بولغان، بۈگۈنمۇ يەنىلا خىتاينىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ تەركىبى بىر قىسمى، كەلگۈسىدىمۇ مەڭگۈ خىتاي تېررىتورىيىسىنىڭ تەركىبى بىر قىسمى بولىدۇ» دېگەن. ( ۋېي جۇاڭ : « شانلىق مىللىي ئارمىيە » (خىتايچە، «军族民的荣光») دىكى مەلۇمات)، بۇ ئۆمەكنىڭ بېيجىڭدا بېجىرگەن خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ نەزىرىدە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولماي قالغان. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى چاغدا مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى ۋە ھۆكۈمەت بانكىسىنىڭ باشلىقى مەنسۇر لومىيوۋ (توڭگان) سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىشىغا قوشۇلمىغان ئىكەن. ئۇ «سەيپىدىن ئەزىزى قايسى تۈھپىسى ئۈچۈن بېيجىڭغا بېرىپ يىغىنغا قاتنىشىدۇ؟» دېگەن ئىكەن.

1949 ـ يىلى نويابىردىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى «مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «شىنجاڭ بيۇروسى»نىڭ تۆتىنچى سېكرېتارى،غەربىي شىمال مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «شىنجاڭ ھەربىي رايونى»نىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ رەئىسى، خىتاي كومپارتىيەسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، بىرىنچى سېكرېتارى، خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، «شىنجاڭ ھەربىي رايونى»نىڭ سىياسىي كومىسسارى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1950 ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزى ماۋ زېدوڭ باشچىلىقىدىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولۇپ موسكۋاغا سۆھبەتكە بارغان. 1955 ـ يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانى بېرىلگەن.

سەيپىدىن ئەزىزى رەئىسلىكىدىكى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى 1965 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى خىتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلغان. ئۇ يەنە خ ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئەزىزى ئۈستىدە < كاپىتالىزم يولىغا ماڭغۇچى ئۇنسۇر > نامىدا نۇرغۇن چوڭ خەتلىك گېزىتلەر يېزىلغان، لېكىن ماۋ زېدوڭنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى قوغداپ قېلىنغان. كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى < تۆت كىشىلىك گۇرۇھ> قا ئەگىشىپ قالغانلىقى تۈپەيلى دېڭ شياۋ پىڭ تەرىپىدىن خىتاي كومپارتىيەسىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرى ۋە ش ئۇ ئا ر دىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلۇپ خىزمىتى بېيجىڭغا يۆتكەلگەن. شۇ چاغدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭلىق ۋەزىپىسى ساقلىنىپ قېلىنغان» . 2003 ـ يىلى24 ـ نويابىر 88 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن بېيجىڭدا جان ئۈزگەن. سەيپىدىن ئەزىزى ئۈرۈمچى ئۆلانباي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ،«سۇتۇق بۇغراخان» (تارىخىي رومان)، «ئامانىساخان» (تارىخىي ئوپېرا) « ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا» ،«ئەۋلىيا ئاتا» ( نەسرىي ئەسەرلەر توپلىمى)، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» (تارىخىي ئوچېرك)، «شانلىق يىللار» (ئوپېرا) ۋە «ئۆمۈر داستانى» (بىئوگرافىك ئەسەر) قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلىرى بار. يەنە 500 دىن پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي ۋە 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازغان. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەپ نوتىلاشتۇرۇپ ئاۋازلىق لېنتىغا ئالدۇرغان. سەيپىدىن ئەزىزى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلىرىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتىدىن ئۆزبېكىستان نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىگە دائىر كىتاپلارنى كۆپرەك ئىشلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى ۋە 60 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا ئۆزبېكىستاندىن شەرقىي تۈركىستانغا مەدەنىيەت ـ مائارىپقا، بولۇپمۇ ئەدەبىياتقا ئائىت نۇرغۇن كىتابلار كەلگەن .

## مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ

مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ (1915 ـ ـ 1970) : ئۇيغۇر، كوممۇنىست ئىنقىلابچى، ھەربىي، سىياسىيون. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتۇش دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. كىچىك چېغىدا دادىسى شاھ ھاجىم ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارا قول دېگەن جايىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ شۇ يەردە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز مەكتەپتە ئوقۇغان. 1944 ـ ـ 1945 ـ يىللىرى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ماناس دەرياسى بويىدىكى سۇ ئىشلىرىدا سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىللە ئىشلىگەن.

مىللىي ئارمىيىنىڭ مەركىزىي فرونتتىكى (ئوتتۇرا يۆلىنىشتىكى) شىخو ئوپېراتسىيەسى باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئىمىنوۋ ماناستا پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان. شىخو ئوپېراتسىيىسى مەزگىلىدە شىخو پارتىزانلىرى بىلەن بىللە دۈشمەن ئارقا سېپىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. مەركىزىي فرونت ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن مىللىي ئارمىيەدە ئىزۋوت كوماندىرى، ئىسكادرون كوماندىرى، پولك كوماندىرى، مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باش شتاپ باش شتاب مۇئاۋىن ناچالنىكى (باشلىقى) ۋە ھۆكۈمەتتە سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئىمىنوۋ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى (ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل)؛ خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مەركىزىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلگەن. كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېن ـ مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

1949 ـ دېكابىردىن كېيىن ئىمنوۋ ختاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 5 ـ كورپۇس 13 ـ دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى ۋە پارتكوم سېكرېتارى، «جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى»نىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، ختاي كومپارتىيەسى جەنۇبىي رايونلۇق پارتكومىنىڭ 4 ـ سېكرېتارى، «جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى»نىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، ختاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ختاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئىمنوۋ 1950 ـ يىلى ختاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغان. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1955 ـ يىلى ختاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇھەممەتئىمىن ئىمنوۋقا گېنېرال مايور ئۇنۋانى بېرىلگەن. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

1957 ـ يىلى ئىمنوۋ بەزى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلغانلىقى ئۈچۈن 1958 ـ يىلدىكى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە قاتتىق تەنقىدلەنگەن ھەمدە پارتىيە ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىدىن ئېلىپ تاشلانغان. 1960 ـ يىلى بېيجىڭدا خ ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن ختاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتىگەن.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىمنوۋ ختاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋغا قارشى قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ تەشكىلاتى 2 ـ سى (2 ـ قوماندانلىقى) تەرەپتارلىرى بولغان «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»غا ئەكىرىۋېلىنغانلىق سەۋەبى بىلەن ۋاڭ ئېنماۋنىڭ قاتتىق ئۆچ ئېلىشىغا ئۇچراپ تۈرمىگە تاشلانغان.

مۇھەممەتئىمىن ئىمنوۋ 1970 ـ يىلى 17 ـ ماي كۈنى 55 يېشىدا ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ئۆز ۋاقتىدا داۋالىنىشقا ئېرىشەلمەي كېسەل سەۋەبى بىلەن جان ئۈزگەن.

1986 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ختاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى خ ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1958 ـ يىلدىكى « ش ئۇ ئا ر» پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ مۇھەممەتئىمىن ئىمنوۋغا كۆرگەن چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى ۋە نامىنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغان. قەبرىسى ئۈرۈمچى ئۇلانبايدىكى «ئىنقىلابىي قۇربانلار» قەبرىستانلىقىغا كۆچۈرۈلگەن.

## ئەنۋەر خانبابا

ئەنۋەر خانبابا (1918 ـ 2020) : ئۆزبېك، كوممۇنىست ئىنقىلابچى، سىياسىيون، مائارىپچى، پېداگوك. ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھرىدە تۇغۇلغان. (ئەنۋەر خانبابانىڭ دادىسى رەخسى بابا ئەنۋەر خانبابا بىر ياش چېغىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن). چوڭ دادىسى (دادىسىنىڭ ئاكىسى) تۇرسۇن خانبابا ئۈرۈمچىدە چوڭ سودا ـ سانائەت كاپىتالىستى بولغان. (1938 ـ يىلى تۇرسۇن خانبابا «شىنجاڭ ئۆلكىسى»نىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى، مىلىتارىست شېڭ شىسەي تەرىپىدىن خوجىنياز ھاجىم، شېرىخان تۆرە قاتارلىق 108 ئادەم بىلەن بىرگە تۈرمىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن). 1927 ـ يىلى چوڭ ئاپىسى (دادا تەرەپ) بىلەن چۆچەك شەھرىگە كەلگەن. 1928 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كۆچكەن. 1928 ـ ـ 1934 ـ يىللىرى

تاتار باشلانغۇچ مەكتەپ (6 ـ مەكتەپ) ۋە رۇس گىمنازىيەسىدە ئوقۇغان. 1935 ـ ـ 1938 ـ يىللىرى موسكۋادا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1938 ـ يازدا ئۈرۈمچىگە قايتقان.

1938 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە مەركىزىي ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئاچقان كەچكى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە مۇدىر بولغان، كېيىن بۇ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى بولغان. 1939 ـ ـ 1941 ـ يىللىرى ئۆلكىلىك تەمىرات (قۇرۇلۇش) نازارىتىنىڭ كان ئىشلار ئىدارىسىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە قوشۇمچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا رۇس تىلى تەرجىمانى بولۇپ ئىشلىگەن. «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى»غا قاتناشقان. 1942 ـ ـ 1944 ـ يىللىرى غۇلجىدا ئۆزبېك «نەمەنە» باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىدە بولغان.

1944 ـ ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە ئەنۋەر خانبابا مائارىپ نازارىتى مەكتەپلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئوقۇتقۇچىلار تەربىيەلەش كۇرسلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋە مۇدىرى، ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى،خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى(مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل)، خەلقچىل ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ مەركىزىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە مەركىزىي تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەزگىلىدە مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇدىر كاتىپى (مىشۇ جۇرېن) بولۇپ ئىشلىگەن. 1947 ـ يىلى ئاپرېلدا ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجى، جاڭ جىجۇڭلار قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولۇپ جەنۇبقا بارغان.

ئەنۋەر خانبابا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېن ـ مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

1949 ـ يىلى نويابىردىن كېيىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا قەدەر ئەنۋەر خانبابا 1 ـ ، 2 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى»نىڭ ئەزاسى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ش ئۇ ئا ر 1 ـ ، 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ش ئۇ ئا ر 1 ـ ، 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1949 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر ئەنۋەر خانبابا دېڭ لىچۈننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغان. بېيجىڭدا خ ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1950 ـ يىلى يازدا ئەنۋەر خانبابا ۋە ئىبراھىم تۇردى ماۋ زېدوڭ بىلەن جۇڭنەنخەيدە ماۋ زېدوڭنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشكەن. (شىبە مىللىتىدىن بولغان دېلىن تەرجىمانلىق قىلغان)

1950 ـ يىلى ئەنۋەر خانبابا ماۋ زېدوڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە موسكۋاغا بارىدىغان سەيپىدىن ئەزىزىدىن موسكۋادىكى ئۇچرىشىشلاردا سوۋېت تەرەپتىن مىللىي مەكتەپلەر ئۈچۈن لازىملىق دەرسلىكلەرنى تەييارلاپ بېرىشنى بىر مەسىلە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئىلتىماس قىلغان. سەيپىدىن ئەزىزى موسكۋادا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن سوۋېت تەرەپ بۇ تەلەپكە

قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن ستالىن ئۆز ئىمزاسىنى قويۇپ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مەكتەپلەر ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا دەرسلىك تەييارلاپ بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈگەن. بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن ئۆزبېكىستان، قازاقىستانلاردا ئالاھىدە كۈچ تەشكىللىنىپ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە دەرسلىك تەييارلىنىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلگەن.

ئەنۋەر خانبابا 1950 ـ يىللاردا تۇرپاندا ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتىغا قاتناشقان. 1953 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي باشلانغۇچ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مەمۇرىي خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن ئۆمەكنى باشلاپ بېيجىڭ، خاربىن ۋە دالىيەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى مائارىپ ساھەسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان. 1956 ـ يىلى بۇرھان شەھىدى باشلىچىلىقىدىكى 2 ـ نۆۋەتلىك خىتاي ھەج ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ سەئۇدى ئەرەبىستاندا ھەج قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئاسىيا ـ ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى ئون نەچچە مەملىكەتتە ئالتە ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت زىيارەت قىلغان. بېيجىڭدا ج ك مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان.

1960 ـ يىلى ماۋ زېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى 4 ـ تومىنىڭ تەييارلانغان تەرجىمە نۇسخىسىنى ئاخىرقى تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسىغا باشلىق بولغان. 1960 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر نىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە، ئاخبارات، نەشرىيات ساھەسىدىكى نەمۇنىچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ بۇ ساھەلەر بويىچە بېيجىڭدا چاقىرىلغان «مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى»غا قاتناشقان. 1962 ـ يىلى رېۋىزىئونىزم (شيۇجېڭجۇيى)غا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن چاقىرىلغان خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ئەنۋەر خانبابا ئۈچ ۋىلايەتتىن تەرەپتىن كەلگەن ئەسئەت ئىسھاقوۋ، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ئەنۋەر جاكولىن، توختى ئالىموۋلار بىلەن بىللە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغان. 1962 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدىن تەشكىللەنگەن ئۆمەككە باشلىق بولۇپ خوتەندە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيەچىلەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى كۆكخوتتا چاقىرىلغان «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنى»غا قاتناشقان.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە (1966 ـ ـ 1973 ـ يىللىرى) ئەنۋەر خانبابا <كاپىتالىزم يولغا ماڭغۇچى ئۇنسۇر> بولۇپ قاتتىق كۈرەش قىلىنغان ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئەمگەككە سېلىنىپ چوشقا بېقىشقا مەجبۇرلانغان. كىيىم ـ كېچەك، كىتاپ قاتارلىق بارلىق نەرسىلىرى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ ئائىلىسى ئۈرۈمچىدىكى ش ئۇ ئار يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار قورۇسىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن.

ئەنۋەر خانبابا ئاقلانغاندىن كېيىن 1973 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ج خ س م كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. «مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش»نىڭ ئەزاسى بولغان.

ئەنۋەر خانبابا 2000 ـ يىلى 3 ـ يانۋار 82 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە جان ئۈزگەن. ئۈرۈمچى ئۇلانباي «ئىنقىلابىي قۇربانلار» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ئەنۋەر خانبابانىڭ «ھاياتىمدىن خاتىرىلەر»، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي دەۋرىدىكى پارتىيە ـ تەشكىلاتلار» ۋە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى مائارىپ ئەھۋالى» قاتارلىق ئەسلىمە ماقالىلىرى بار.

ئابدۇللا زاكىروۋ

ئابدۇللا زاكىروۋ (1918 ـ ـ 1981) : ئۇيغۇر، كوممۇنىست ئىنقىلابچى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. 1925 ـ ـ 1933 ـ يىللىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1936 ـ ـ 1938 ـ يىللىرى ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ (ساگۇ) مەمۇرىيەت ـ ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1938 ـ ـ 1941 ـ يىللىرى ئۆرۈمچىدە مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن. 1941 ـ ـ 1944 ـ يىللىرى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى» مىلتارىست شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ياتقان.

1944 ـ ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە غۇلجا شەھرى 1 ـ رايوننىڭ ساقچى باشلىقى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، ۋالىي مەھكىمە باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى (كاتىپات خىزمىتىگە مەسئۇل)، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھمايە قىلىش ئىتتىپاقى» مەركىزىي ھەيئەتنىڭ كاندىدات ئەزاسى بولغان. زاكىروۋ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوردېن ـ مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

1949 ـ يىلى دېكابىردىن كېيىن زاكىروۋ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ باش كاتىپى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ۋە خىتاي خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى (ج خ س م كېڭەشى) ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. بېيجىڭدا زاكىروۋ خ ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا <مەسىلىلەرنى تاپشۇرۇپ> ئاكتىپ بولۇپ شەرقىي تۈركىستانغا قايتقاندىن كېيىن 1958 ـ يىلدىكى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۈرۈش ھەرىكىتىدە مەدەنىيەت ـ مائارىپ سەھەسىدىكى رەھبەرلىك ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ نۇرغۇن مىللىي كادىرلارغا زەربە بەرگەن. بۇ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە سازاۋەر بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك مەنسىپىگە ئېرىشكەن. 1962 ـ يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. ۋاڭ ئېنماۋ زاكىروۋنىڭ ئورنىغا تۆمۈر داۋامەتنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە قويغان.

پۈتكۈل «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە <كاپىتالىزم يولىغا ماڭغۇچى ئۇنسۇر> بولۇپ قاتتىق كۈرەش قىلىنغان ھەمدە تۈرمىدە ياتقان. كېيىم ـ كېچەك، كىتاپ قاتارلىق بارلىق نەرسىلىرى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ ئائىلىسى ئۆرۈمچىدىكى ش ئۇ ئار يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار قورۇسىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن. 1981 ـ يىلى 3 ـ دېكابىر 63 ـ يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆرۈمچىدە ئۆلگەن.

پايدىلانغان كىتاپلار ۋە ماقالىلار :

كىتابلار :

« ئەخمەتجان ئەپەندىنى ئەسلەيمەن » ( 1 ـ كىتاب)، ماھىنۇر قاسىم، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 2014 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

« شانلىق مىللىي ئارمىيە » (خىتايچە، «军族民的荣光» (ۋېي جۋاڭ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2015 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى

« تاشكەنتچىلەر » ( 1 ـ ، 3 ـ كىتاپلار)، ئابدۇراخمان ئابدۇللا، 1 ـ كىتاپ : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 2002 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ؛ 2 ـ كىتاپ : شىنجاڭ ئونىۋېرستېتى نەشرىياتىنىڭ 2006 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

« شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر »، شېرىپ خوشتار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

« شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر »، شېرىپ نىياز خوشتار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 2003 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

« شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى »، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش ـ تەھرىرلەش كومىتېتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1995 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

« مەن شاھىت بولغان ئىشلار »، سەيدۇللا سەيپۇللا، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2005 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى

« ئۆمۈر داستانى » ( ئەسلىمە 2)، سەيپىدىن ئەزىزى، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1990 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

ماقالىلار :

« ھاياتىمدىن خاتىرىلەر »، ئەنۋەر خانبابا، « شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى » ( 40) دىن، 228 ـ 375 ـ بەتلەر، ج خ س م

كېڭەشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

« ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلار »، ئەنۋەر خانبابا، » (42) دىن، 10 ـ ـ 80 ـ بەتلەر، ج خ س م

كېڭەشى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2022 ـ يىلى يانۋار ـ ماي ئايلىرى



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2022 -يىلى 4 – ئاينىڭ 29 – كۈنىدىن 5 – ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە)

(2022 ـ يىلى، 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن، 2022 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگىچە)

## خىتاينىڭ سودا ۋە ئىقتىسادىي ئوغرىلىق قىلمىشلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقماقتا

«ۋاشىڭتون پوچتىسى» تورىنىڭ 1 ـ مايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا سودا ۋەكىلى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىنقى ھەپتە ئېلان قىلىنغان يىللىق تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي كومپارتىيەسى ئامېرىكانىڭ تېخنىكىلىرىنى ۋە ئەقلىي مۈلۈكلىرىنى ئوغرىلاش سالمىقىنى داۋاملىق كۈچەيمەكتە ئىكەن.

مەزكۇر دوكلاتتا شۇنداق دېيىلگەن: «بىز خىتاينىڭ (ئامېرىكاغا) زىيانلىق سودا ۋە ئىقتىسادىي قىلمىشلىرىنى ئەۋجىگە چىقىرىۋاتقانلىقىنى ئوپئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا بىز چوقۇم خىتاينىڭ چوڭ، ئەمما بازار ئىگىلىكىدىن خالىي (يېپىق) بازار ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ۋە قىلمىشلىرى ئارقىلىق خەلقئارالىق سودىنى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن سۇيىئىستېمال قىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا، مەبلىغىگە، ھەتتا ئىستېمالىغا زىيان سالغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.»

مەزكۇر دوكلاتتا يەنە، دۆلەت تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان (ئەركىن بولمىغان) خىتاي ئىقتىسادىنىڭ خەلقئارا سودا سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى «مەۋجۇت سىستېمىنىڭ ئاجىزلىقىنى، شۇنداقلا جىددىي ئىسلاھاتقا موھتاج ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈردى» دېيىلگەن.

## ئەنگلىيە شىركەتلىرى خىتايدىكى بەدەن ئەزالىرى سودىسىغا چېتىلىپ قالماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇلدى

«metro» تورىنىڭ 3 ـ مايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيەدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئادۋوكات ۋېين جورداش «دۆلەتلىك ساغلاملىق ئاپپاراتى»نى (NHS) ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنگلىيە داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى خىتاي قاتارلىق جايلاردىكى قانۇنسىز بەدەن ئەزالىرى سودىلىرىغا چېتىلىپ قالماسلىق؛ بولمىسا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرگە شېرىك بولۇپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى.

جورداشنىڭ كۆرسىتىشىچە، خىتاي قاتارلىق بەزى جايلاردا كىشىلەرنىڭ بەدەن ئەزالىرى ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز، ھەتتا ئۇلار تىرىك ۋاقتىدىلا ئېلىۋېلىنىدىغان بولغاچقا، ئىلمىي تېبابەت ژۇرناللىرى،

ئۈنىۋېرسىتېتلار، دوختۇرخانىلار ۋە داۋالاش مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان شىركەتلەر قاتارلىق ئاپپاراتلار بىردەك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنى، كىملەر بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە قايسى قىلمىشلارغا يانتاياق بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈشى كېرەك ئىكەن.

ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، خىتاي دوختۇرخانىلىرىغا زىيارەتكە بارغان ئەنگلىيەلىك دوختۇرلارنىڭ ياكى زىيارەتچى خىتاي دوختۇرلارنى قوبۇل قىلغان ئەنگلىيەدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ تېخنىكىلىرى خىتايدىكى بەدەن ئەزالىرىنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىش ئوپېراتسىيەلىرىدە ئىشلىتىلىشى تامامەن مۇمكىن ئىكەن.

ئۇزۇندىن بېرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ۋە پۇلدارلارغا كۆچۈرۈلۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇماتلار ئۆزۈلدۈرمەي ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشكەن بۇ خىل تىببىي تېخنىكىلارنىڭ ئەڭ چوڭ قۇربانلىرىنىڭ يەنىلا ئۇيغۇرلار بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

### خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان ئاخبارات خادىملىرىنىڭ 44 پىرسەنتى ئۇيغۇر ئىكەن

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 3-مايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، بىر تۈركۈم ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى «ئاخبارات ئەركىنلىكى كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن بىر قارارنى تونۇشتۇرغان بولۇپ، مەزكۇر قاراردا خىتاي، رۇسىيە ۋە بېلارۇسىيە ئاخبارات خادىملىرىغا قارشى «باستۇرمىچى ۋە ۋەھشىي قىلمىشلارنى سادىر قىلغان» دۆلەتلەر قاتارىغا تىزىلغان.

مەزكۇر دوكلاتتا، «ئاخبارات خادىملىرىنى قوغداش كومىتېتى»نىڭ 2021-يىللىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىكى «خىتاي دۇنيادىكى ئاخبارات ئەركىنلىكى مۇھىتى ئەڭ ناچار دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇ دۆلەت ئىچى-سىرتىدا سىياسىي پىكىرلەرنى باستۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ» دېگەن ئىبارىلەر نەقىل قىلىنغان.

«ئاخبارات خادىملىرىنى قوغداش كومىتېتى»نىڭ 2021-يىللىق دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، نۆۋەتتە خىتايدا تۈرمىگە تاشلانغان ئاخبارات خادىملىرىنىڭ سانى ئەللىك بولۇپ، بۇلارنىڭ 22 سى، يەنى 44 پىرسەنتى ئۇيغۇر ئىكەن. بۇ سان دۇنيا مىقياسىدا تۈرمىگە تاشلانغان 293 نەپەر ئاخباراتچىنىڭمۇ 7.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن.

«ئاخبارات خادىملىرىنى قوغداش كومىتېتى»نىڭ مەزكۇر دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، تۈرمىگە تاشلانغان 22 نەپەر ئۇيغۇر ئاخبارات خادىمىنىڭ يېرىمى 2016-يىلىدىن كېيىن قولغا ئېلىنغان بولۇپ، قالغانلىرى 2009-يىلىدىن 2014-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈرمىگە تاشلانغان ئىكەن.

ھالبۇكى، تەتقىقاتچىلار قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ئاخبارات خادىملىرىنىڭ سانىنىڭ بۇنىڭدىن خېلى بەكلا كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشمەكتە.

## ئادىداس، پيۇما ۋە خيۇگو بوس ماركىلىق كىيىملەرگە ھېلىھەم شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختىلىرى ئىشلىتىلمەكتە

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 5 ـ مايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، گېرمانىيەنىڭ جيۇلىك شەھرىدىكى Agroisolab تەجرىبىخانىسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزوتوپ (isotope) تەھلىلىدە، پيۇما، ئادىداس، خيۇگو بوس ۋە جەك ۋۇلفسكىن قاتارلىق شىركەتلەرنىڭ مايكىلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان پاختا ئىشلىتىلگەنلىكى دەلىللەنگەن.

مەزكۇر تەجرىبىخانىدىكى ماركۇس بونېر بۇ ھەقتە: «پاختىدىكى ئىزوتوپ تەھلىلىنىڭ نەتىجىسى يۇكسەك دەرىجىدە توغرا بولۇپ، بۇ خىل تەكشۈرۈشتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختىلىرىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ پاختىلىرىدىن، ھەتتا خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئىشلەپچىقىرىلغان پاختىلاردىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ» دېگەن.

مەزكۇر نەتىجىگە قارىتا، پيۇما شىركىتى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختىسىنى ئىشلەتمەيۋاتقانلىقىنى تەكرار تەكىتلىگەن بولسا، قالغان شىركەتلەر: «بىز مەجبۇرىي ئەمگەككە يول قويمايمىز، تەمىنات زەنجىرىمىز تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن» دېگەندەك مۇجمەل ئىبارىلەر بىلەن ئىنكاس قايتۇرغان.

ھالبۇكى، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر پاختىدىكى ئىزوتوپ تەھلىلى نەتىجىسىنىڭ شەك ـ شۈبھىدىن خالىي ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا، مەزكۇر شىركەتلەرنىڭ ھېلىھەم شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاختىلىرىنى ئىشلىتىشنى تەلتۆكۈس توختاتمىغانلىقى ئېنىق، دېيىشمەكتە.

## ئامېرىكا Hikvision شىركىتىگە جازا تەدبىرى قوللىنىشى مۇمكىن

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 5 ـ مايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەھۋالدىن خەۋەردار تۆت كىشىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پات يېقىندا خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كۆزىتىش كامېراسى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندىچىلىككە شېرىك بولغان دەپ ئەيىبلەنگەن، كۆزىتىش كامېراسى ئىشلەپچىقىرىدىغان Hikvision شىركىتىگە جازا يۈرگۈزمەكچى ئىكەن.

يولغا قويۇلغۇسى مەزكۇر جازا تەدبىرىنى ئىجرا قىلىشقا ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى مەسئۇل بولۇپ، ئەگەر يولغا قويۇلسا، بۇ جازا ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياستى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خىلاپ قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئاللىقاچان باشقا چەكلىمىلەرگە دۇچ كەلگەن Hikvision شىركىتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن ئىكەن.

بۇ ھەقتە مەلۇماتلار بەرگەنلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىككىيلەننىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى Hikvision شىركىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ دۇنيادىكى 180 دىن كۆپرەك دۆلەتتە قوللىنىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى يولغا قويۇلغۇسى مەزكۇر جازا تەدبىرىدىن ۋاقىپلاندۇرغان.

ئاقساراي ۋە ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى بىردەك ھالدا بۇ ھەقتىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلغان.

خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى جاۋ لىجيەن كۈندىلىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا: «ئامېرىكانىڭ خىتاي شىركەتلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق ۋە باشقا <باھانە>لەرنى ئىشلىتىشىگە قارشى ئىكەنلىكى»نى بىلدۈرگەن.

## خىتايغا قارشى ئاۋسترالىيەلىك پائالىيەتچى شى جىنپىڭنى تىللىغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى

«dailymail» تورىنىڭ 9 ـ مايدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئاۋسترالىيەدە خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى تۇتۇمى بىلەن تونۇلغان 22 ياشلىق پائالىيەتچى درىۋ پاۋلوۋ سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن كوممۇنىزمغا قارشى نامايىشتىن قايتىۋاتقاندا، «خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنى ھاقارەت قىلغان» دېگەن سەۋەب بىلەن يېڭى جەنۇبىي ۋېلس شتاتىنىڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

2020 ـ يىلى ئاۋسترالىيەدىكى كۋېنسلەند ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە بۆلۈمىنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان پاۋلوۋ ئۆزىنىڭ تۋىتتېر ھېساۋىدا كۋېنسلەند ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى تەنقىد قىلغانلىقى ۋە خوڭكوڭلۇقلارنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن ھەيدىلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە «مەكتەپتىن ھەيدەلسەممۇ ھەقىقەتنى سۆزلەمەي قويمايمەن» دېگەنىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل ھالدا خىتايغا قارشى پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

ھالبۇكى، «پىكىر ئەركىنلىكى»گە ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىنىدىغانلىقى تەكىتلىنىپ كەلگەن ئاۋسترالىيەدەك بىر دۆلەتتە، درىۋ پاۋلوۋغا ئوخشاش خىتايغا قارشى پائالىيەتچىنىڭ نوقۇل پىكرى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنىشى نۇرغۇن كىشىلەرنى بىئارام قىلماقتا، شۇنداقلا ئاۋسترالىيە دائىرىلىرى يېقىندىن بۇيان ئىزچىل ئىنزھار قىلىپ كەلگەن «خىتايغا قارشى تۇتۇمى»نىڭ ۋەزنى ۋە چىنلىقى توغرىسىدىكى گۇمانغا يول ئاچماقتا.

## خىتايغا قوشنا دۆلەتلەردە خىتايغا قارشى كەيپىيات كۈچەيمەكتە

«theprint» تورىنىڭ 13 ـ مايدىكى ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنىڭ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىشىغا، بولۇپمۇ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا

ئىشتىراك قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەكلا خىتاينىڭ قەرز قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، مەزكۇر دۆلەتلەردىكى — بولۇپمۇ پۇقرالار ئارىسىدىكى — خىتايغا قارشى كەيپىيات كۈرۈنەرلىك كۈچەيگەن.

بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە، خىتاينىڭ ئەڭ يېقىن «ئىتتىپاقداشلىرى»دىن بىرى ھېسابلىنىدىغان پاكىستاندا گەرچە ھۆكۈمەتنىڭ خىتايپەرەس تۇتۇمى داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ پاكىستاندىكى گۋادار پورتى قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشىغا ئەگىشىپ، خىتايغا قارشى ئېتىرازلار بارغانسېرى كۈچەيگەن، ھەتتا 4 ـ ئايدا بالۇجىستان ئۆكتىچىلىرى كاراچىدىكى «كۇڭزى ئىنستىتۇتى»دا ئىشلەيدىغان ئۈچ خىتاينى ئۆلتۈرۈپ، خىتايغا بولغان نەپرىتىنى بىلدۈرگەن.

بۇنىڭدىن سىرت، خىتايغا بولغان قەرزى سەۋەبلىك، ھامبانتوتا پورتىنىڭ 99 يىللىق ئىشلىتىش ھوقۇقىنى خىتايغا تارتقۇزۇپ قويغان سىرىلانكادىمۇ پۇقرالارنىڭ بۇ خىل ھالەتتىن نارازى ئىكەنلىكى مەلۇم.

خىتاي دائىرىلىرى بېرمىدا سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق تەختكە چىققان، پۇقرالارنى قاتتىق ئەزگەن ھەربىي ھۆكۈمەتنى قوللىغاچقا، بېرما خەلقىمۇ خىتايدىن نارازى ئىكەن.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى نەچچە ئوڭ مىڭلىغان مەھبۇسلار ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېلىنىش ئارقىلىق ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن

«nationalreview» تورىنىڭ 13 ـ مايدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى ئايدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋېلىش قىلمىشىغا ئالاقىدار بىر پارچە تەتقىقات دوكلاتىنى ئېلان قىلغان مەسيۇ روبېرتسون 12 ـ ئاپرېل ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىغا «خىتايدىكى ئىچكى ئەزالارنى ئېلىشقا مەسئۇل دوختۇرلارنىڭ بىمارلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقى»نى ئېيتقان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە: «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكى ئەزالىرىنى <ئىئانە قىلغۇچى>لار، يەنى مەھبۇسلار ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېلىنغاندا تېخى ھايات بولۇپ، دوختۇرلار يۈرەك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قاتارلىق ئوپېراتسىيەلەر ئارقىلىق بىمارنى جېنىنى جۇدا قىلىدۇ» دېگەن.

شۇنداقلا، «كوممۇنىزم قۇربانلىرىنى خاتىرىلەش فوندى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى ئېسان گۇتمان بىر قانچە شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق دەلىللىگەن، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى لاگېرغا يانداپ سېلىنغان جەسەت كۆيدۈرۈش ئورۇنلىرىدىن چىققان، خېلى يىراقتىنمۇ پۇرىغىلى بولىدىغان كۆيگەن سۆڭەكنىڭ پۇرىقىغا؛ دوختۇرخانىلاردىكى ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەلىرىدىكى ئېشىش ئەھۋاللىرىغا ھەمدە لاگېردىن غايىپ قىلىۋېتىلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ 28 ياش ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكى قاتارلىقلارغا بىنائەن، ھەر يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى 25 مىڭدىن ئەللىك مىڭغىچە بولغان تۈرمە ـ لاگېر

مەھبۇسلىرىنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئېلىۋېلىنغاندىن كېيىن، جەسەتلىرىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## مىڭلىغان ئۇيغۇر تۇتقۇننىڭ تىزىملىكى ئاشكارىلاندى

«france24» تورىنىڭ 13 ـ مايدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، «فرانسىيە ئاگېنتلىقى» خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ۋە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ تىزىملىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قەشقەر كوناشەھەر ھۆججەتلىرى»نى ئېلان قىلغان.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، مەزكۇر ھۆججەت بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ھۆججەتتىكى تۇتقۇنلارنىڭ سالاھىيىتىنى دەلىللەشكە بىر نەچچە ئاي ۋاقىت كەتكەن.

مەزكۇر ھۆججەتتە قەشقەرنىڭ كونا شەھەر ناھىيەسىدىن تۇتقۇن قىلىنغان 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، مىللىتى، كىملىك نومۇرى، تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبى، جازا مۇددىتى ۋە قاماقلىق ئورنى قاتارلىقلارغا دائىر ئۇچۇرلار بايان قىلىنغان.

مۇتەخەسسىسلەر كونا شەھەردىن ئىبارەت بىر ناھىيەدىن تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ بۇ قەدەر كۆپلۈكىنى ۋە تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا تۇتقۇن قىلىنغان ۋە قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ نۆۋەتتىكى مۆلچەردىكىدىنمۇ خېلى بەكلا كۆپلۈكىنى ئىلگىرى سۈرۈشمەكتە.

## ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتايغا بولغان بېسىمنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى

«bloomberg» تورىنىڭ 13 ـ مايدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا تاشقىي ئىشلار مىنىستىرلىقى يېقىندا دۆلەت مەجلىسىگە يوللىغان دوكلاتىدا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قورقۇنچلۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا بېسىمنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، ئامېرىكانىڭ ئۆز نوپۇزى ۋە ئىمكانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى توختىتىشقا كۈچەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خەۋەردە ئامېرىكانىڭ «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تەكىتلەش ئۈرۈنۈشى، ئامېرىكانىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە، خىتاينىڭ ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا رۇسىيەنى قوللىغانلىقى ۋە خوڭكوڭدىكى دېموكراتىيەنى باستۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار مەسىلىلىرى سەۋەبلىك، خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش ئۈرۈنۈشىنىڭ بىر قىسمى» دېيىلگەن.

مەزكۇر دوكلاتتا يەنە ئامېرىكانىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەكتىن پايدىلىنىدىغان شىركەت ۋە ئاپپاراتلارنى ئېنىقلاپ چىقىدىغانلىقى، «تەمىنلەش زەنجىرىگە ھوشيار مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى،

تامامەن ياكى قىسمەن بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكاغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقى» تەكىتلەنگەن.

## خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ مېڭە تومۇرى ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە

كۆندىلىك پوچتا گېزىتىنىڭ 14 ـ مايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ مېڭە تومۇرى ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغانلىقى، شى جىنپىڭنىڭ مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشتىن قېچىپ، ئەنئەنىۋىي تىبابەت ئارقىلىق داۋالاناقچى بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە ئىكەن.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ۋىرۇسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، خىتاي بۇ ۋىرۇسقا قارشى مەنپەئەتلىك دەپ قارالغان ئەنئەنىۋىي تىبابەت دورىلىرىنى چەتئەللەرگە ئېكسپورت قىلغان بولۇپ، شى جىنپىڭ بۇ يۈزلىنىشنىڭ باش تەشەببۇسچىلىرىدىن بولغان ئىكەن.

يېقىندا خىتاي بلوگېرلىرى شى جىنپىڭنىڭ مېڭە تومۇرى ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، كېسەلنى داۋالىتىش ئۈچۈن مېڭە ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشتىن قېچىپ، ئەنئەنىۋىي تىبابەت ئارقىلىق داۋالاش يولىنى تۇتقانلىقىنى خەۋەر قىلغان، ئەمما بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلار خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن سۈزۈۋېلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن يوشۇرۇن تۇتۇلغان.

خەۋەردە دېيىلىشىچە، پۈتىنىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى يوشۇرۇن تۇتۇلغىنىدەك، شى جىنپىڭنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىمۇ ئىزچىل رەۋىشتە، يۇكسەك مەخپىيەتلىك سۈپىتىدە دۇنيا جامائەتچىلىدىكىن يوشۇرۇن تۇتۇلىدىكەن.

## خىتاينىڭ «دىنغا قارشى ئۇرۇشى» كاتولىك چېركاۋلىرىغىمۇ كېڭەيمەكتە

«washingtonexaminer» تورىنىڭ 14 ـ مايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەنمۇ «پۈخادىن چىقمىغان» خىتاي دائىرىلىرى كاتولىك چېركاۋلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان.

بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە، خوڭكوڭدىكى توقسان ياشلىق كاردىنال (يەنى كاتولىك چېركاۋلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك پوپ) جوسېپ زېن 11 ـ ماي خوڭكوڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. خوڭكوڭ دائىرىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، 2009 ـ يىلى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان جوسېپ زېن «چەتئەل تەشكىلاتلىرىنى خوڭكوڭغا قارشى ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكە كۈشكۈرتۈش ئارقىلىق دۆلەت بىخەتەرلىكىنى خەۋپكە ئۇچرىتىش» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭغا ئۇنىڭ خىتاي كوممۇنىستلار پارتىيەسى يول قويمايدىغان تەرزدە،

ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئەركىن پىكىر قىلىشى سەۋەب بولغان بولۇپ، جوسېف زېن مەلۇم بىر نەپەر سابىق دېموكراتىيەپەرەس پارلامېنت ئەزاسى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنغان.

مەزكۇر خەۋەردە، شى جىنپىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭ يەرشارى مىقياسىدا قاتتىق ئېتىرازغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلغان ئاساستا، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ قىلمىشى نوقۇل ھالدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىلا ئەمەس، بەلكى «يەرشارى مىقياسىدىكى كاتولىك چېركاۋلىرىغا قىلىنغان سەۋەبسىز ھاقارەت» دېيىلگەن.

## قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسىدىكى تۈرمىگە قامىلىش نىسبىتىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى دەلىللەندى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 16 ـ مايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، يېقىندا ئاشكارىلانغان، «بىرلەشمە خەۋەر ئاگېنتلىقى» تەرىپىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلگەن «قەشقەر كوناشەھەر ھۆججىتى»دە كۆرسىتىلىشىچە، كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى ھەر 25 كىشىنىڭ بىرى «تېرورلۇققا ئالاقىدار» سەۋەبلەر تۈپەيلى تۈرمىگە قامالغان بولۇپ، بۇ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ يۇقىرى تۈرمىگە قامىلىش نىسبىتى ئىكەن.

ئىگىلىنىشىچە، قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ نوپۇسى 267 مىڭ بولۇپ، بۇ ناھىيەدىكى ھەر 25 كىشىدىن بىرى قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپلا قالماي، قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان ھەر بىر يۇقىرا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن توققۇز يىلدىن كېسىلگەن.

ھالبۇكى، كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تىزىملىكتىكىلەر پەقەتلا رەسمىي قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار بولۇپ، لاگېرغا قامالغان، ئەمما تېخى ھۆكۈم قىلىنمىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىكەن. شۇنداقلا، بۇ نوقۇل ھالدا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىگە خاس ئەھۋال بولماستىن، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا مۇشۇ خىل ھالەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنمەكتە.

## ياۋروپا ئەللىرى ئامېرىكانىڭ خىتاي تەھدىتى توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا سەل قارىماسلىققا چاقىرىلدى

ئاساسلىقى ئاسىيا، جۈملىدىن خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئولىۋىيا ئېنوس 16 ـ ماي «فوربېس» توردا «ياۋروپا ئامېرىكانىڭ <رۇسىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلماقچى> دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلمىغانىدەك، ئامېرىكانىڭ خىتاي تەھدىتى توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشىغىمۇ پەرۋا قىلماسمۇ؟» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان.

ئۇ مەزكۇر ماقالىسىدە، رۇسىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرىلا ئامېرىكانىڭ ياۋروپا ئەللىرىنى بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى، ئەمما ياۋروپا ئەللىرىنىڭ تاكى رۇسىيە ئۇكرائىناغا رەسمىي بېسىپ كىرگەنگە قەدەر، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشقا جىددىي مۇئامىلە قىلمىغانلىقىنى، نەتىجىدە ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ بۇ جەرياندا پەۋقۇلئاددە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى بايان قىلىش بىللە، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ نۆۋەتتىكى خىتاي تەھدىتىنىمۇ زىنھار نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن ۋە ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىلىپ، مەجبۇرىي ھالدا يېتىمخانىلارغا بەند قىلىنغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىلغان ئۇكرائىنالىق بالىلارغا سېلىشتۇرۇپ، ياۋروپا ئەللىرىنى ئۇيغۇر قەتلىئامىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىققا، بۇ ھەقتە كونكرېت ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندىگەن.

## خىتاي پاكىستاندا مۇداپىئەچى قوشۇن تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ

«wionews» تورىنىڭ 20-مايدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، پاكىستان زېمىنىدا خىتايلارغا قارىتىلغان ھۇجۇملارنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي دائىرىلىرى «پاكىستاندىكى خىتاي پۇقرالىرىنى قوغداش» باھانىسىدە، پاكىستان ھۆكۈمىتىگە ئۆزلىرىنىڭ پاكىستان زېمىنىدا مۇداپىئەچى قوشۇن تۇرغۇزۇشىغا يول قويۇشى توغرىسىدا بېسىم ئىشلىتىشكە باشلىغان.

ئىگىلىنىشىچە، خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ تارمىقى بولغان، كاراچى، بالۇچىستان ۋە گىلگىت-بالتىستان رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان «خىتاي-پاكىستان ئىقتىسادىي كارىدورى» پروجېكتىگە ئالاقىدار تۈرلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن پاكىستاندا تۇرۇۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىنىڭ سانى نەچچە مىڭغا يېتىدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، يېقىندا كاراچى شەھىرىدىكى «كۇڭزى ئىنستىتۇتى»دىكى ئۈچ خىتاينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلەپلىرى تېخىمۇ كۈچەيگەن.

«News18» تورى مەلۇم بىر پاكىستانلىق سىياسەتچىدىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا كۆرە، خىتاي قەرز مەسىلىسىدە كەچۈرۈم قىلىش بەدىلىگە پاكىستاننى بۇ شەرتكە كۆندۈرۈشكە ئۇرۇنغان.

## ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ئالدىمىزدىكى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى سىياسەتچىلەر تەرىپىدىن تەنقىدلەندى

«قوغدىغۇچى گېزىتى» تورىنىڭ 20-مايدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، «خىتاي مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار خەلقئارالىق پارلامېنتلار ئارا ئىتتىپاق»تىكى 18 دۆلەتتىن كەلگەن قىرىق نەپەر سىياسەتچى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىغا خىتابەن بايانات ئېلان قىلىپ، «ئەگەر ئۇ كېلەر ھەپتە شەرقىي

تۈركىستانغا قىلىنغۇسى زىيارەتنى داۋاملاشتۇرسا، بۇ ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىناۋىتىگە ئورنىنى تولدۇرغۇسىز زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ب د ت كىشىلىك هوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ 23-ماي دۈشەنبە كۈنى باشلىنىدىغان مەزكۇر زىيارىتىدە، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەردىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنى زىيارەت قىلىشىغا يول قويۇلغان. ھالبۇكى، «خىتاي مەسىلىسىگە ئالاقىدار خەلقئارالىق پارلامېنتلار ئارا ئىتتىپاق»تىكى مەزكۇر سىياسەتچىلەر ئۆز باياناتىدا خىتاينى «پەردازلانغان زىيارەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دەپ ئەيىبلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسىنى باھانە قىلىپ، مىشېل باچېلېتنىڭ زىيارىتىنىڭ تېگىشلىك دەرىجىدە ئەركىن بولۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىغا بولغان تەشۋىشىنى بىلدۈرگەن. شۇنداقلا، خىتاينىڭ مىشېل باچېلېتقا ھەقىقىي مەنىدە ئەھمىيەتلىك زىيارەت قىلىش پۇرسىتى بەرمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

## «شەرقىي تۈركىستان ھۆججەتلىرى»نىڭ ئېلان قىلىنىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز داڭلىق تاراتقۇدا مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى

«france24» تورى 25-ماي «<شەرقىي تۈركىستان ھۆججەتلىرى>نىڭ ئارقىسىدىكى ئاكادېمىك —— ئادرىيان زېنز» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، دوكتور ئادرىيان زېنزنى تونۇشتۇرغان.

مەزكۇر ماقالىدە دوكتور ئادرىيان زېنز ھازىرغىچە ئېلان قىلغان، شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قامالغانلارنىڭ سانى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى بىر قانچە پارچە دوكلاتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلمىنىڭ خەلقئارادا ئەكس سادا پەيدا قىلىشىدا، ھەتتا خىتاينىڭ مەزكۇر مەسىلىلەردىكى تۇتۇمىنىڭ ئۆزگىرىشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىغانلىقى دەلىللەر ئاساسىدا بايان قىلىنغان.

مەزكۇر ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتايدەك ئۇچۇرلارنى پەۋقۇلئاددە قاتتىق كونترول قىلىدىغان بىر ھاكىمىيەتنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشتا، دوكتور ئادرىيان زېنز خىتاي دائىرىلىرى ئۆزلىرى ئېلان قىلغان ئىنتېرنېتتىكى خىلمۇخىل ئۇچۇرلارنى توپلاش ئارقىلىق خىتاي دائىرىلىرى ئىنكار قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك دوكلاتلاردىن بىر قانچىنى تەييارلاشقا مۇۋەپپەق بولغان.

## ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونى بلىنكېن ئامېرىكانىڭ خىتاينى رەقىب سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۈچىيىشىنى چەكلەش ئىستراتېگىيەسىنى ئېلان قىلدى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 26-مايدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، گەرچە ئامېرىكا نۆۋەتتە زېھنىنى ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغان رۇسىيەگە مەركەزلەشتۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا

نۇتۇق سۆزلىگەن ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونى بىلىنكېن خىتاينىڭ «خەلقئارالىق تەرتىپكە نىسبەتەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەڭ ئېغىر تەھدىت» شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە ئامېرىكانىڭ خىتاينى چەكلەش ئىستراتېگىيەسىنى ئېلان قىلغان.

ئۇ مەزكۇر نۇتقىدا شۇلارنى بىلدۈرگەن:

«گەرچە پرېزىدېنت پۇتىن قوزغىغان ئۇرۇش ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئۇزۇن مۇددەتلىك تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان خەلقئارا تەرتىپكە دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ تەھدىت خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، خىتاي ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە تېخنىكا كۈچى ھەمدە تاشقى سىياستى ئارقىلىق خەلقئارا تەرتىپنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىردىنبىر دۆلەتتۇر.

خىتاي ھازىر ئەللىك يىل ئىلگىرى پرېزىدېنت نىكسون زىيارەت قىلغان چاغدىكى خىتاي ئەمەس. كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى رەئىس شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدە تېخىمۇ مۇستەبىت، تېخىمۇ ئۆكتەم بولۇپ كەتتى. خىتاي يەنە جەنۇبىي دېڭىزدا كېڭەيمىچىلىك قىلدى، رايون تىنچلىقى ۋە خەۋپسىزلىكىگە، دېڭىز يولى ۋە سودا ئەركىنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

لېكىن، بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشىدىن ئۈمىد كۈتمەيمىز. شۇڭا بىز خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىستراتېگىيەلىك مۇھىتنى قايتىدىن شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە تەۋە، ئېچىۋېتىلگەن خەلقئارالىق سىستېمىمىزنى قوغداپ چىقىمىز.

بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى مەبلەغ سېلىش، ئىتتىپاقلىشىش، رىقابەتلىشىشتىن ئىبارەت ئۈچ سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ».

## «شەرقىي تۈركىستان ساقچى ھۆججەتلىرى» ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتە چەكلىمىسىز تەكشۈرۈش باشلاش توغرىسىدىكى چاقىرىقلار كۈچەيدى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 27-مايدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى ھەپتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈچ مىڭغا يېقىن بىگۇناھ مەھبۇسنىڭ سۈرىتى ۋە باشقا ئالاقىدار ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شەرقىي تۈركىستان ساقچى ھۆججەتلىرى»نىڭ ئاشكارىلىنىشى سەۋەبلىك، غەرب ئەللىرى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا چەكلىمىسىز زىيارەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان.

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى نېد پرايس بۇ ھەقتە: «بۇ يېڭى خەۋەر (خىتاينىڭ) شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىگە ئالاقىدار پاكىتلارنى تېخىمۇ كۆپەيتتى» دېدى ۋە ب ب س قاتارلىق بىر قاتار داڭلىق خەلقئارالىق تاراتقۇلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بۇ پاكىتلارنى

«قورقۇنچلۇق» دەپ سۈپەتلىدى، شۇنداقلا خىتايىنى قالايمىقان تۇتقۇن قىلىنغان بارلىق لاگېر مەھبۇسلىرىنى قويۇپ بېرىشكە چاقىردى.

لېكىن، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر غەرب ئەللىرىنىڭ بۇ خىل چاقىرىقلاردىن سىرت، ئۇكرائىنا تاجاۋۇزى سەۋەبلىك روسىيەگە قاراتقاندەك، خىتايغىمۇ رېئال ئۇنۈمگە ئىگە كۈچلۈك ئىقتىسادىي جازالارنى يۈرگۈزۈش ئېھتىماللىقىنىڭ ھېلىھەم بەكلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبلىك بۇ خىل چاقىرىقلارنىڭ خىتاي دائىرىلىرىگە نىسبەتەن ئانچە كۆپ تەسىرى بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشمەكتە.

## ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىشېل باچېلېت ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىنىڭ تەكشۈرۈش خاراكتېرلىك ئەمەسلىكىنى ئېيتتى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 28 ـ مايدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى داۋامىدا خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى سۈرۈشتۈرمىگەنلىكى سەۋەبلىك تەنقىدكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مەزكۇر زىيارىتىنىڭ تەكشۈرۈش زىيارىتى ئەمەسلىكىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ خىتاي دائىرىلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مۇئامىلىگە بولغان ئەندىشىسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى بىلدۈردى.

«كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش» تەشكىلاتىدىكى سوفىي رىچاردسون بۇ ھەقتە «باچېلېتنىڭ زىيارىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايەتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇش خاراكتېرىدە بولۇپ قالدى» دېدى ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرىگە ئالاقىدار دوكلاتنى تېزدىن ئېلان قىلىشقا چاقىردى.

ئۇ يەنە: «مىشېل باچېلېت چوقۇم (خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرىدە) مەسئۇلىيىتى بار كىشىلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش مەقسىتىدە ھەقىقىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى لازىم. بولمىسا ئۇنىڭ زىيارىتى پەقەتلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىدىغان تەشۋىقات پائالىيىتى بولۇپ قالىدۇ» دېدى.

## «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىك دىيالوگى» خىتايغا قارشى دېڭىز نازارەت قىلىش پىلانىنى ئېلان قىلدى

«ئەلجەزىرە» تورىنىڭ 28 ـ مايدىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ياپونىيە، ئامېرىكا، ھىندىستان ۋە ئاۋستىرالىيەدىن ئىبارەت تۆت دۆلەتتىن تەركىب تاپقان بىرەسمىي ئىتتىپاق بولمىش «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىك دىيالوگى» ھىندى ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ «ھەقىقىي مەنپەئەتى»گە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ دېڭىز نازارەت قىلىش پىلانىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

**تەھلىلچىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ مەزكۇر ئىتتىپاق خىتايغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ھازىرغىچە ئېلان قىلغان ئەڭ مۇھىم تەدبىر ئىكەن.**

**گەرچە «تۆت تەرەپ بىخەتەرلىك دىيالوگى» مەزكۇر پىلاننىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر نەپەر ئامېرىكا ئەمەلدارىنىڭ ئەنگلىيەدىكى «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»گە بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر ئىتتىپاق سودا خاراكتېرلىك سۈنئىي ھەمراھ ئىز قوغلاش مۇلازىمەتلىرىگە مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھىندى-تىنچ ئوكياندىكى دۆلەتلەرنى دېڭىزغا ئالاقىدار ئىستىخبارات بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدىكەن ۋە بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ھىندى-تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ خىتاينىڭ دېڭىزدىكى ھەربىي ۋە قانۇنسىز بېلىق تۇتۇش قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىش ئىقتىدارى كۈچىيىدىكەن.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## توم تۇگېندخات


ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنگلىيە پارلامېنتىدىكى ئاۋازى، ئۇيغۇرلارنىڭ
كۈچلۈك قوللىغۇچىسى ھۆرمەتلىك توم تۇگېندخات ئەپەندى

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival




**بارچە پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى جاسارەتتۇر.**